# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى


UGUY

كۆكۈچ: دەريا

يېشىل: دېڭىز

شىمال

غەرب




شەرق

جەنۇب

سېرىق: قۇملۇق

قىزىل: تاغ

# ئۇيغۇرچە دۇنيا خەرىتىسى



# تەھرىر ئىلاۋىسى

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «خەرىتىلەر توپلىمى» دېيىلىدۇ) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى خەرىتىلەر توپلىمى، شۇنداقلا كۆپلىگەن پەن ۋە ساھەلەرگە چېتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك بوشلۇق ئۇچۇر سىستېمىسى قۇرۇلۇشى.

«خەرىتىلەر توپلىمى»نى ئىشلەشتە ماتېرىيال، ئۇچۇرلار ئىلمىي بولۇش، بىردەك بولۇش، ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماس كېلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تاللاندى ۋە توپلاندى. سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش ۋە خەرىتىلەر توپلىمى تۈزۈشتە توپلاشتۇرۇلما GIS ۋە تولۇق رەقەملىك كومپيۇتېر ئۇستەل بېتىدە خەرىتە تۈزۈش يېڭى تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، بۈگۈنكى دۇنيا ئۆلچەش-سىزىش پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئىلغار سەۋىيىسى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلدى. «خەرىتىلەر توپلىمى» ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەبىئىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ماكرو جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مۇقەددىمە خەرىتە ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان رايونلار خەرىتىسىدىن تەركىب تاپتى، ئۇنىڭغا 169 پارچە خەرىتە، 13 پارچە گرافىك، 20 پارچە فوتو سۈرەت، 100 مىڭ خەت ئەتراپىدىكى يازما ماتېرىيال كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىمكانقەدەر تولۇق، سىستېمىلىق، بىۋاسىتە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىندى.

مۇقەددىمە خەرىتە مەمۇرىي رايونلار، رايون-ئورۇن، سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى، يەر تۈزۈلۈشى، كىلىمات، سۇ سىستېمىسى، يېپىنچا ئۆسۈملۈك، يەر ئىشلىتىش، قېزىلما بايلىق، قاتناش، ساياھەت، بىگتۈەن قاتارلىق 14 پارچە خەرىتىلەر بۆلىكىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ جۇغراپىيىلىك تەگ خەرىتە ۋە مەخسۇس تېما ئامىلىدىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇغراپىيىلىك تەگ خەرىتە جۇڭگو تەگ خەرىتىسى، رايونلار تەگ خەرىتىسى ۋە شىنجاڭ تەگ خەرىتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈندى. «جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلىرى» خەرىتىسى جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى نەشر قىلغان 1:4000000 ماسشتابلىق «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسى»نى ئاساس قىلىپ، قوش ستاندارتلىق پاراللېلنىڭ گومولوگرافىك كونۇسسىمان پروپېكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ، كىچىكلىتىپ تۈزۈلدى. «جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر» جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى نەشر قىلغان 1:12000000 ماسشتابلىق «روسىيە خەرىتىسى» نى ئاساس قىلىپ، قوش ستاندارتلىق پاراللېلنىڭ ئىزومېترىك كونۇسسىمان پروپېكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ماتېرىيالىنى تولۇقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ تاللاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلدى. «شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى»، «شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى»، «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى» قاتارلىقلار ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش-سىزىش ئىدارىسى 1995-يىل نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى»دىكى «شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى» ۋە شىنجاڭ ئېكولوگىيە-جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرىنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىپ، قوش ستاندارتلىق پاراللېلنىڭ تەڭ بۇلۇڭلۇق كونۇسسىمان پروپېكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە يېڭى مەمۇرىي رايون، قاتناش، ئاھالە رايونى قاتارلىق يېڭى ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق 1:6000000 ماسشتابىدا ئايرىم-ئايرىم تۈزۈپ چىقىلدى. باشقا مەخسۇس خەرىتىلەرنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى «شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى» خەرىتىسى بىلەن ئوخشاش بولدى. مەخسۇس خەرىتىلەرنى تۈزۈش جەريانىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماق ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرى قوبۇل قىلىندى، بىر قىسىم خەرىتە نۇسخىلىرى يەنە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى.

رايونلار خەرىتىسى ۋىلايەت-ئوبلاستلار خەرىتىسى، ناھىيە-شەھەرلەر خەرىتىسى، شەھەر رايونلىرى خەرىتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خەرىتە بويىچە 137 پارچە خەرىتە بۆلىكىدىن تەركىب تاپتى. ۋىلايەت-ئوبلاستلار خەرىتىسى بىلەن ناھىيە-شەھەرلەر خەرىتىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەش-سىزىش ئىدارىسى 1995-يىل نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» ۋە 1:50000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىش ھەمدە دۆلەتنىڭ غوللۇق قاتناش تورى سانلىق ماتېرىيالى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئىشلىرى، قاتناش، ساياھەت، سۇچىلىق، قېزىلما بايلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، مۇھىت ئاسراش، بىگتۈەن قاتارلىق تارماقلار تەمىنلىگەن ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماس بولغان ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىپ، GIS تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيە بويىچە توپلاش، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەپ توغرىلاش، ئورىگىنال تەييارلاش، رامكىغا ئېلىش يوللىرى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى. ۋىلايەت-ئوبلاستلار خەرىتىسى مەمۇرىي رايونلار ۋە يەر تۈزۈلۈش خەرىتىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، قوش ستاندارتلىق پاراللېلنىڭ تەڭ بۇلۇڭلۇق كونۇسسىمان پروپېكسىيىسى ئىشلىتىلدى، ۋىلايەت-ئوبلاست مەمۇرىي رايونلىرى مەمۇرىي رايون تەگ رەڭگىدە، ۋىلايەت-ئوبلاستلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى رەڭلىك سايە چۈشۈرۈش ئۇسۇلىدا ئىپادىلەندى. تەڭ ئېگىزلىك سىزىقى سانلىق ماتېرىيالى چەكلىك بولغانلىقتىن، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ يەر شەكلى رەڭ سىزىقلىرى ئېلىنمىدى. ناھىيە-شەھەر خەرىتىلىرى «خەرىتىلەر توپلىمى»نىڭ گەۋدە قىسمى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا گائۇس-كروگېر پروپېكسىيىسى ئىشلىتىلدى ھەمدە تەڭ ئېگىزلىك سىزىقىغا قەۋەتلەر بويىچە رەڭ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، يەر شەكلى ئىلمىي ئىپادىلەپ بېرىلدى. شەھەر رايونلىرى خەرىتىسىنى تۈزۈشتە 1:10000 ماسشتابلىق يەر شەكلى خەرىتىسى ۋە تەسۋىرلىك خەرىتە ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىندى، بىر قىسىم شەھەر رايونلىرى خەرىتىسىنى تۈزۈشتە ماتېرىيال بولمىغانلىقى ياكى كونا بولغانلىقى ئۈچۈن، ساياھەت خەرىتىسى تولۇقلىما ماتېرىيال قىلىندى.

«خەرىتىلەر توپلىمى»نىڭ فورماتى 1999-GB/T788 «كىتاب-ژۇرناللار فورماتى ۋە بەت يۈزىنىڭ ئۆلچىمى» بويىچە لايىھىلەندى. «خەرىتىلەر توپلىمى»دىكى خەرىتىلەر 2002-GB/T2260 «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي رايونلىرى كودى» ۋە گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭدا يېڭىدىن ئۈچ شەھەر تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى تەستىق ھۆججىتىگە ئاساسەن رەتكە تىزىلدى. خەرىتىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، خەرىتە يۈزىنى بېزەش، خەرىتە بەلگىلىرىنى لايىھىلەش، رەڭ ماسلاشتۇرۇش جەھەتلەردە ئىمكانقەدەر يىغىنچاق بولۇش، قاتلاملىرى ئېنىق بولۇش، بىردەك ماس بولۇش، خەرىتىنى، يېزىقنى تەڭ كۆركەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىندى.

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» تەھرىر ھەيئىتى

| | |
|---|---|
| پەخرىي مۇدىر | ئىسمائىل تىلىۋالدى |
| مۇدىر | نۇرلان ئەبىلمەجىن |
| مۇئاۋىن مۇدىرلار | روزى ئىسمائىل ئابلەت ماموت ماچىن ئابلىز نىياز ۋاڭ ۋېيبو قانىبات سەبىكەي<br>رەيھان يۈسۈپ مو جۈەن توختى ياقۇپ مۇھەممەد ئېلى لىيۇ گېچېڭ (دائىمىي) |
| ھەيئەت ئەزالار | قۇربان ياسىن پەرھات ئابدۇقادىر ئالىمجان مۇھەممەد ئىمىن تۇرسۇن سادىر ھاپىز نىياز<br>پولات ئۆمەر مۇتەللىپ قاسىم قەيسەر ئابدۇقادىر دىلارە ھەسەن ۋاڭ جۈن يۇنۇس يۈسۈپ<br>ياڭ ماۋلىن ئەنۋەر ئابلىز ئابدۇرېھىم ئابلا يۈسۈپ مىجىت قادىر خۇ سۈيخۇا<br>پەرھات ھېزىم نىشان ئىبراھىم ئىلھام مۇھەممەت لى چۈەنجەن پولات ئىمىنوف<br>پەرھات ئوسمان شۈ دۇڭ ئەھەد يۈسۈپ بۇرھان قاھار يۈسۈپجان ئەخمەد<br>دىلشات تۇرسۇن ئابدۇرازاق تۆمۈر تاشپولات تۆرباي ئالىم قادىر چېن شى<br>ۋۇ لىۋېن رەھىم ماموت زۇنۇن باقى ئابدۇرۇپ ئېلى ۋۇ شياۋچېڭ |

## «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى» تەھرىراتى

| | |
|---|---|
| باش تۈزگۈچى | لىيۇ گېچېڭ |
| مۇئاۋىن باش تۈزگۈچىلەر | لى چۈەنجەن ئەختەم ئەرشىدىن چاڭ گېجۈن |
| تېخنىكا مەسلىھەتچىسى | يۈ لىيەنشېڭ |
| بېكىتكۈچى | بەي يۇبىڭ |
| لايىھىلىگۈچىلەر | جاڭ يىڭجې چياۋ جۈنجۈن |
| ئىجرائىي مۇھەررىرلەر | پېي شياۋۋېي گۈلشەن مۇھەممەد |
| سانلىق مەلۇماتچىلار تۈزگۈچىلەر | ما يىڭلىيەن مو شىنيەن جىڭ شىنلەن<br>لى شۇشيا چياۋ لىجېن جياۋ لىمىن خې يۇگېڭ ۋۇ پىڭ گۇ شىنفاڭ دۇڭ پىڭ<br>لى گەن گۈلشەن مۇھەممەد گۈزەلنۇر جامال ئەن لىپىڭ خې شيۇلى پەن جيې |
| خەرىتە تەكشۈرگۈچىلەر | چياۋ لىجېن سۇڭ جەنجۈن لۇ يەنخۇا ۋۇ پىڭ |
| تېكىست ئىشلىگۈچى | دېڭ شىنئەن |
| تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچىلەر | مۇھەممەد ئېلى ئالىم خەسەنى نائىلجان تۇرغان ھۆسەيىنجان ئەسقەرى مېھرىگۈل ئىبراھىم |
| فوتوگرافلار | دىڭ شياۋكۇن شى شىڭچېڭ يەن شيەن گو شياۋدۇڭ |
| باسما سەنئەتكارلىرى | گاۋ شياۋمېي چېن گاڭ لى جۈنلى |
| مەسئۇل مۇھەررىرلەر | مەخمۇتجان قادىر تۇرسۇنگۈل قاسىم ھۆرىگۈل يۈسۈپ خۇرشىدە ئىبراھىم |
| مەسئۇل كوررېكتورلار | گۈلناز مۇھەممەد رىزۋانگۈل قادىر |
| ئاخىرقى بېكىتكۈچىلەر | ئالىم خەسەنى دىلشات ئابدۇكېرىم دىلشات باۋۇدۇن |
| مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى | گاۋ جيۇڭ |

# مۇندەرىجە

## مۇقەددىمە خەرىتە


جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلىرى 3-2
شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى 5-4
جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر 7-6
شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى 9-8
شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 11-10
شىنجاڭنىڭ كىلىماتى 13-12
شىنجاڭنىڭ سۇ سىستېمىسى 15-14
شىنجاڭنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى 17-16
شىنجاڭدىكى يەر ئىشلىتىش 19-18
شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى 21-20
شىنجاڭنىڭ قاتنىشى (1) 23-22
شىنجاڭنىڭ قاتنىشى (2) 25-24
شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى 27-26
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 29-28


## رايونلار خەرىتىسى

شەرتلىك بەلگىلەر


### ئۈرۈمچى شەھىرى

ئۈرۈمچى شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرى 35-34
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 37-36
تيانشان رايونى، سايباغ رايونى 39-38
يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى 41-40
شىمگۇ رايونى، دۇڭسەن رايونى 43-42
داۋانچىڭ رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى 45-44
ئۈرۈمچى شەھەر رايونى 48-46

### قاراماي شەھىرى

قاراماي شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرى 51-50
قاراماي شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 53-52
مايتاغ رايونى،قاراماي رايونى 55-54
جەرەنبۇلاق رايونى،ئۇرخۇ رايونى 57-56
قاراماي شەھەر رايونى 58

### تۇرپان ۋىلايىتى

تۇرپان ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 61-60
تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 63-62
تۇرپان شەھىرى 65-64
پىچان ناھىيىسى 67-66
توقسۇن ناھىيىسى 69-68
تۇرپان شەھەر رايونى 70

### قۇمۇل ۋىلايىتى

قۇمۇل ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 73-72
قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 75-74
قۇمۇل شەھىرى 77-76
باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 79-78
ئارا تۈرۈك ناھىيىسى 81-80
قۇمۇل شەھەر رايونى 82

### سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى 85-84
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 87-86
سانجى شەھىرى 89-88
فۇكاڭ شەھىرى 91-90
مىچۈەن شەھىرى 93-92
قۇتۇبى ناھىيىسى 95-94
ماناس ناھىيىسى 97-96
گۇچۇڭ ناھىيىسى 99-98
جىمسار ناھىيىسى 101-100
مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى 103-102
سانجى شەھەر رايونى 104

### بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى 107-106
بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 109-108
بورتالا شەھىرى 111-110
جىڭ ناھىيىسى 113-112
ئارىشاڭ ناھىيىسى 115-114
بورتالا شەھەر رايونى 116

### بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى 119-118
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 121-120
كورلا شەھىرى 123-122
بۈگۈر ناھىيىسى 125-124
لوپنۇر ناھىيىسى 127-126
چاقىلىق ناھىيىسى 129-128
چەرچەن ناھىيىسى 131-130
يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى 133-132
خېجىڭ ناھىيىسى 135-134
خوشۇت ناھىيىسى 137-136
باغراش ناھىيىسى 139-138
كورلا شەھەر رايونى 140

### ئاقسۇ ۋىلايىتى

ئاقسۇ ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 143-142
ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 145-144
ئاقسۇ شەھىرى 147-146
ئونسۇ ناھىيىسى 149-148
كۇچا ناھىيىسى 151-150
شايار ناھىيىسى 153-152
توقسۇ ناھىيىسى 155-154
باي ناھىيىسى 157-156
ئۇچتۇرپان ناھىيىسى 159-158
ئاۋات ناھىيىسى 161-160
كەلپىن ناھىيىسى 163-162
ئاقسۇ شەھەر رايونى 164

### قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى 167-166
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 169-168
ئاتۇش شەھىرى 171-170
ئاقتو ناھىيىسى 173-172
ئاقچى ناھىيىسى 175-174
ئۇلۇغچات ناھىيىسى 177-176
ئاتۇش شەھەر رايونى 178

### قەشقەر ۋىلايىتى

قەشقەر ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 181-180
قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 183-182
قەشقەر شەھىرى 185-184
قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى 187-186
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى 189-188
يېڭىسار ناھىيىسى 191-190
پوسكام ناھىيىسى 193-192
يەكەن ناھىيىسى 195-194
قاغىلىق ناھىيىسى 197-196
مەكىت ناھىيىسى 199-198
يوپۇرغا ناھىيىسى 201-200
پەيزىۋات ناھىيىسى 203-202
مارالبېشى ناھىيىسى 205-204
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى 207-206
قەشقەر شەھەر رايونى 208

### خوتەن ۋىلايىتى

خوتەن ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 211-210
خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 213-212
خوتەن شەھىرى 215-214
خوتەن ناھىيىسى 217-216
قاراقاش ناھىيىسى 219-218
گۇما ناھىيىسى 221-220
لوپ ناھىيىسى 223-222
چىرا ناھىيىسى 225-224
كېرىيە ناھىيىسى 227-226
نىيە ناھىيىسى 229-228
خوتەن شەھەر رايونى 230

### ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى 233-232
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە،شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى 235-234
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە،شەھەرلەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 237-236
غۇلجا شەھىرى 239-238
كۈيتۇن شەھىرى (قوشۇمچە شەھەر رايونى) 241-240
غۇلجا ناھىيىسى 243-242
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى 245-244
قورغاس ناھىيىسى 247-246
توققۇزتارا ناھىيىسى 249-248
كۈنەس ناھىيىسى 251-250
موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى 253-252
تېكەس ناھىيىسى 255-254
نىلقا ناھىيىسى 257-256
غۇلجا شەھەر رايونى 258

### تارباغاتاي ۋىلايىتى

تارباغاتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 261-260
تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 263-262
چۆچەك شەھىرى 265-264
شىخو شەھىرى 267-266
دۆربىلجىن ناھىيىسى 269-268
ساۋەن ناھىيىسى 271-270
تولى ناھىيىسى 273-272
چاغانتوقاي ناھىيىسى 275-274
قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى 277-276
چۆچەك شەھەر رايونى 278

### ئالتاي ۋىلايىتى

ئالتاي ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى 281-280
ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى 283-282
ئالتاي شەھىرى 285-284
بۇرچىن ناھىيىسى 287-286
كۆكتوقاي ناھىيىسى 289-288
بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى 291-290
قابا ناھىيىسى 293-292
چىڭگىل ناھىيىسى 295-294
جېمىنەي ناھىيىسى 297-296
ئالتاي شەھەر رايونى 298

### ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلار

شىخەنزە شەھىرى (قوشۇمچە شەھەر رايونى) 301-300
ئارال شەھىرى 303-302
تۇمشۇق شەھىرى 305-304
ۋۇجياچۇ شەھىرى 307-306


# جۇڭگونىڭ مەمۇرىي رايونلىرى



# شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى

## ش ئۇ ئا ر مەمۇرىي رايونلىرى ستاتىستىكا جەدۋىلى

| ۋىلايەت دەرىجىلىك | ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر 2 ۋىلايەت 7 ئاپتونوم ئوبلاست 5 | ئۈرۈمچى شەھىرى | قاراماي شەھىرى | ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | | | | تۇرپان ۋىلايىتى | قۇمۇل ۋىلايىتى | سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاقسۇ ۋىلايىتى | قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | قەشقەر ۋىلايىتى | خوتەن ۋىلايىتى | شىخەنزە شەھىرى | ۋۇجياچۇ شەھىرى | تۇمشۇق شەھىرى | ئارال شەھىرى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | بىۋاستە قاراشلىق شەھەر | بىۋاستە قاراشلىق ناھىيە | تارباغاتاي ۋىلايىتى | ئالتاي ۋىلايىتى | | | | | | | | | | | | | | |
| ناھىيە دەرىجىلىك | شەھەرگە بىۋاستە قاراشلىق رايون | 7 | 4 | | | | | | | | | | | | | | | | | | 11 |
| | ئاپتونوم رايون | | | | | | | | | | | | | | | | 1 | 1 | 1 | 1 | 4 |
| | ئوبلاستقا بىۋاستە قاراشلىق شەھەر | | | 2 | | | | | | 3 | 1 | 1 | | 1 | | | | | | | 8 |
| | ۋىلايەتكە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر | | | | | 2 | 1 | 1 | 1 | | | | 1 | | 1 | 1 | | | | | 8 |
| | ناھىيە | 1 | | | 7 | 4 | 6 | 2 | 1 | 4 | 2 | 7 | 8 | 3 | 10 | 7 | | | | | 62 |
| | ئاپتونوم ناھىيە | | | | 1 | 1 | | | 1 | 1 | | 1 | | | 1 | | | | | | 6 |
| يېزا ـ بازار دەرىجىلىك | يېزا | 18 | 2 | 7 | 71 | 39 | 41 | 16 | 27 | 36 | 9 | 62 | 52 | 32 | 140 | 75 | 1 | | | | 628 |
| | بازار | 3 | | 1 | 18 | 27 | 13 | 10 | 10 | 41 | 7 | 23 | 31 | 5 | 28 | 11 | 1 | | | | 229 |
| كوچا باشقارمىسى | | 55 | 12 | 13 | | 8 | 3 | 2 | 5 | 10 | 4 | 5 | 5 | 2 | 4 | 4 | 5 | | | | 137 |



# جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەر




## روسىيە

- دۆلەت نامى: روسىيە فېدېراتسىيىسى
- پايتەختى: موسكۋا
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 17 مىليون 75 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 145 مىليون 500 مىڭ
- تىلى: ھۆكۈمەت تىلى رۇس تىلى، ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەر ئۆزىنىڭ دۆلەت تىلىنى بېكىتىشكە ھەم شۇ جۇمھۇرىيەت چېگراسى ئىچىدە رۇس تىلى بىلەن تەڭ قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق
- پۇلى: ھىندى رۇپىيىسى
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1949- يىلى 10- ئاينىڭ 3- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان، 1991- يىلى 12- ئاينىڭ 27- كۈنى جۇڭگو-روسىيە دۆلەت مۇناسىۋىتى بېكىتىلگەن

## قازاقىستان

- دۆلەت نامى: قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: ئاستانە
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 2 مىليون 724 مىڭ 900 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 14 مىليون 820 مىڭ
- تىلى: ھۆكۈمەت تىلى قازاق تىلى، رۇس تىلىنى ئورتاق قوللىنىدۇ
- پۇلى: تەڭگە
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1992- يىلى 1- ئاينىڭ 3- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## ئۆزبېكىستان

- دۆلەت نامى: ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: تاشكەنت
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 447 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 25 مىليون 70 مىڭ
- تىلى: ھۆكۈمەت تىلى ئۆزبېك تىلى، رۇس تىلىنى ئورتاق قوللىنىدۇ
- پۇلى: سوم
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1992- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## موڭغۇلىيە

- دۆلەت نامى: موڭغۇلىيە
- پايتەختى: ئۇلانباتور
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 1 مىليون 565 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 2 مىليون 380 مىڭ
- تىلى: خالخا موڭغۇل تىلى
- پۇلى: تۆگرىك
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1949- يىلى 10- ئاينىڭ 16- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## تۈركمەنىستان

- دۆلەت نامى: تۈركمەنىستان
- پايتەختى: ئاشخاباد
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 491 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 5 مىليون 370 مىڭ
- تىلى: ھۆكۈمەت تىلى تۈركمەن تىلى، رۇس تىلىنى ئورتاق قوللىنىدۇ
- پۇلى: مانات
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1992- يىلى 1- ئاينىڭ 6- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## تاجىكىستان

- دۆلەت نامى: تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: دۇشەنبە
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 143 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 6 مىليون 250 مىڭ
- تىلى: ھۆكۈمەت تىلى تاجىك تىلى، رۇس تىلى مىللەتلەر ئارا ئالاقە تىلى قىلىنىدۇ
- پۇلى: تاجىك رۇبلىسى
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1992- يىلى 1- ئاينىڭ 4- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## قىرغىزىستان

- دۆلەت نامى: قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: بىشكېك
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 198 مىڭ 500 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 4 مىليون 950 مىڭ
- تىلى: دۆلەت تىلى قىرغىز تىلى، رۇس تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىشقىمۇ بولىدۇ
- پۇلى: سوم
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1992- يىلى 1- ئاينىڭ 5- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## ئافغانىستان

- دۆلەت نامى: ئافغانىستان
- پايتەختى: كابۇل
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 652 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 22 مىليون 80 مىڭ
- تىلى: پۇشتۇ تىلى بىلەن دالى تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ
- پۇلى: ئافغانى
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1955- يىلى 1- ئاينىڭ 20- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## پاكىستان

- دۆلەت نامى: پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: ئىسلامئاباد
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 796 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 142 مىليون 280 مىڭ
- تىلى: ئوردۇ تىلىنى ئورتاق قوللىنىدۇ، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى
- پۇلى: پاكىستان رۇپىيىسى
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1951- يىلى 5- ئاينىڭ 21- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان

## ھىندىستان

- دۆلەت نامى: ھىندىستان جۇمھۇرىيىتى
- پايتەختى: يېڭى دېھلى
- يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى: يەر كۆلىمى 2 مىليون 974 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 1 مىليارد 20 مىليون
- تىلى: ھىندى تىلى بىلەن ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى قىلىنىدۇ
- پۇلى: ھىندى رۇپىيىسى
- دۆلىتىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى: 1950- يىلى 4- ئاينىڭ 1- كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان


# شىنجاڭنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى



# شىنجاڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




# شىنجاڭنىڭ كلىماتى





يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا

1 : 13 000 000





يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى

1 : 13 000 000





1- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا
يېغىن مىقدارى

1 : 18 000 000





4- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا
يېغىن مىقدارى

1 : 18 000 000





7- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا
يېغىن مىقدارى

1 : 18 000 000






10- ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا
يېغىن مىقدارى


1 : 18 000 000



# شىنجاڭنىڭ سۇ سىستېمىسى









## شىنجاڭنىڭ سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى

(يۈز مىليون كۇب مېتىر)

| | |
|---|---|
| سۇ بايلىقى ئومۇمىي مىقدارى | 840. 1 |
| يەر ئۈستى سۇ بايلىقى مىقدارى | 788. 7 |
| تۈزلەڭلىك رايونى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى | 331. 0 |

(ئەسكەرتىش : تۈزلەڭلىك رايونىدىكى يەر ئاستى سۇ بايلىقى مىقدارى ئىچىدە تەبىئىي تولۇقلانغان مىقدارى 5مىليارد 140مىليون كۇب مېتىر )

سۇ بايلىقى ئىنسانلار كونترول قىلىپ تۇرغان ۋە سۇغىرىش، توك تارقىتىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ ترانسپورتى، بېلىقچىلىق قاتار- لىقلاردا بىۋاسىتە پايدىلىنىدىغان يەر ئۈستى سۇيى ۋە يەر ئاستى سۇيى ھەمدە دەريا ـ ئۆستەڭ ، كۆل، قۇدۇق، بۇلاق، دېڭىز تاشمىسى، دېڭىز قولتۇقى ۋە بېلىقچىلىق سۇ دائىرىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

يەر ئۈستى سۇيى كۆپىنچە دەريا ـ ئۆستەڭ ، كۆل، سۇ ئامبىرى، مۇزلۇق قاتارلىق يەر ئۈستىدىكى سۇلار ئىچىدە،شۇ يەردىكى ھۆل- يېغىن شەكىللەندۈرگەن، يىلمۇيىل يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتچان سۇ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مىقدارلىق ئالاھىدىلىكى دەريا ـ ئېقىن مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ .

يەر ئاستى سۇيى يەر ئاستىدا ساقلىنىپ تاغ جىنس تۆشۈكلىرى، يېرىقلىرى ۋە ئۆڭكۈرلەرنى تويۇندۇرغان سۇلارنى كۆرسىتىدۇ .


## شىنجاڭدىكى ئاساسلىق كۆللەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆلىمى

(كۋادرات كىلومېتىر)

| | |
|---|---|
| باغراش كۆلى | 972 |
| ئۇلۇڭگۇر كۆلى | 895 |
| سايرام كۆلى | 454 |
| ئېبىنۇر كۆلى | 522 |

يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى

1:10 000 000









ھايۋانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارغا تارقىلىشى


1 : 18 000 000







تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى

1:10 000 000




## يەر ئىشلىتىش


1 : 10 000 000




### شىنجاڭنىڭ يەر بايلىقى تۈزۈلۈشى




### شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيان كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى










## تېرىلغۇ يەر كۆلىمى

1 : 13 000 000






## تۇپراق تىپى


1 : 13 000 000



# شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقلىرى












### شىنجاڭ قېزىلما بايلىقلىرى زاپاس مىقدارىنىڭ مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 10كان تۈرىنى ئىگىلەش جەدۋىلى

| تۈرلۈن تەرتىپى | كان تۈرى نامى | كان تۈرى سانى |
|---|---|---|
| 1 | تەبىئىي گاز، بېرىللىي كانى، مېتاللورگىيىدە ئىشلىتىلىدىغان كۋارتس تومۇرى، ناترىيلىق شورتاش، فارفور تۇپىسى، خىشقا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، سېمونت ئارىلاشما ماتېرىياللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان كۋارتس تومۇرى، ئاق چېرىمتال، بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان يىروكسېن ۋېرمىكۇلىت | 10 |
| 2 | نېفىت، خروم كانى، نىكېل كانى، پاللادىي كانى تەبىئىي گۈڭگۈرت، خىمىيىۋى ئوغۇتقا ئىشلىتىلىدىغان سېرپېنتىن، كالىيلىق تۇز ماگنىي تۇزى، دالا شپاتى، كولگە ئىشلىتىلىدىغان هاك تاش، خىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم، خىشقا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز تۇپا سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر تاش، بېنتونىت قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بالتىراق تاش | 15 |
| 3 | پلاتىنا كانى، تاش ئاۋلاشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاپوز قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان دىئاپوز | 3 |
| 4 | كۆمۈر، لىتىي، رومبا كۆمۈر تاش، مىرابىلىت، تاشپاختا ۋېتېرىت، ئەينەككە ئىشلىتىلىدىغان تومۇر كۋارتس سېمونتقا ئىشلىتىلىدىغان لاتقا تاش، قۇرۇلۇشقا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەرمەر تاش | 10 |
| 5 | سېزىي كانى، سېلېن كانى، هاك تېشى ساپالغا ئىشلىتىلىدىغان سېغىز تۇپا | 4 |
| 6 | كوبالت كانى، ۋىسمۇت كانى، ئادەتتىكى فتورىت | 3 |
| 7 | نېفىتلىق سلانېتس، تىتان كانى، تورق جىنسى سېمونت ئارىلاشما ماتېرىيالغا ئىشلىتىلىدىغان سېرىق تۇپا، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇم | 6 |
| 8 | مىس كانى، بور كانى، سېمونت ئارىلاشما ماتېرىيالغا ئىشلىتىلىدىغان سلانېتس، بېزەكچىلىككە ئىشلىتىلىدىغان گرانىت تاش | 4 |
| 9 | مانگان كانى، تانتال كانى | 2 |
| 10 | تۇز كانى | 1 |

# شىنجاڭنىڭ قاتنىشى (1)




## 2003 - يىلدىكى شىنجاڭ تاشيول قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

### تاشيول

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ تاشيول مۇساپىسى 84116كىلومېتىرغا( بىكتۈەننىڭ 24206كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 431كىلومېتىر ، بىرىنچى دەرىجىلىك تاشيول 352كىلومېتىر ( بىكتۈەننىڭ 5كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) ، ئىككىنچى دەرىجىلىك تاشيول 6163كىلومېتىر ( بىكتۈەننىڭ 283كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك تاشيول 21407كىلومېتىر ( بىكتۈەننىڭ 6448كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە ) ، تۆتىنچى دەرىجىلىك تاشيول 37535كىلومېتىر( بىكتۈەننىڭ 14359كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) ، دەرىجىگە كىرگۈزۈلمىگەن تاشيول 18228كىلومېتىر (بىكتۈەننىڭ 3111كىلومېتىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە) .

شىنجاڭدا دۆلەت يولىدىن 7سى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 9107كىلومېتىر ، ئۆلكە يولىدىن 67سى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6895كىلومېتىر ؛ ناھىيە يولىدىن 638ى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13743كىلومېتىر ؛ يېزا يولىدىن 2535ى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 21429كىلومېتىر ، مەخسۇس يولدىن 292سى بولۇپ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 8736كىلومېتىر .

### ئىگىلىگەن ئاپتوموبىل مىقدارى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ، شىنجاڭدىكى پۇقراۋى ئاپتوموبىللارنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى 467649دانىگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلىنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى 256449دانە ، يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى 189921دانە ، باشقا ئاپتوموبىللارنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى 21279دانە .

### تىجارەت خاراكتېرلىك يولۇچى - يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئىگىلىگەن مىقدارى

2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى تىجارەت خاراكتېرلىك يولۇچى - يۈك ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 190670دانىگە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ئاپتوموبىلى36081 دانە ، يۈك ئاپتوموبىلى 154589دانە .


### پورت ترانسپورتى


2003 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ، شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن تاشيول پورتى 14گە ، ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق يول ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي سانى 61گە يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە خەلقئارالىق يولۇچى ترانسپورت لىنىيىسى 31 ، خەلقئارالىق يۈك ترانسپورت لىنىيىسى 30 .

### يولۇچى - يۈك ترانسپورت بېكىتى

2003 - يىلغا قەدەر ، شىنجاڭنىڭ 1 - ، 2 - ، 3 - دەرىجىلىك يولۇچى - يۈك ترانسپورت بېكەتلىرى 469غا يەتتى ، بۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى ترانسپورت بېكىتى 434 ، يۈك ترانسپورت بېكىتى 35 .

# شىنجاڭنىڭ قاتنىشى (2)










# شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىكى

## ساياھەت يىرىك پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

1 : 15 000 000




### ئۈچ لىنىيە

ئوتتۇرا يىپەك يولى قەدىمىي ئىزى، مەدەنىيەت، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ساياھەت لىنىيىسى:
قۇمۇل ـ تۇرپان ـ كورلا ـ ئوتتۇرا تارىم ـ خوتەن ـ قەشقەر ـ ئاقسۇ ـ كۇچا ـ ئۈرۈمچى

شىمالىي يىپەك يولىدىكى بوستانلىقلار، ئوتلاق مەدەنىيىتى ساياھەت لىنىيىسى:
ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن ـ ئالاتاۋ ئېغىزى ـ بورتالا ـ ئارىشاڭ ـ سايرام كۆلى ـ ئىلى ـ بايىنبۇلاق ـ ئالتۇن قۇم ساھىلى ـ ئۈرۈمچى

ئوتلاق يىپەك يولى ـ قاناس كۆلى ئېكولوگىيىلىك ساياھەت لىنىيىسى:
ئۈرۈمچى ـ بوغدا كۆلى ـ ئۇلۇڭغۇر كۆلى ـ قاناس كۆلى ـ قاراماي ـ شىخەنزە ـ ئۈرۈمچى

### ساياھەتچىلىك ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

#### توققۇز چوڭ ساياھەت رايونى

يادرولۇق ساياھەت رايونى، قەشقەر ـ قىزىلسۇ ساياھەت رايونى، ئىلى ـ بورتالا ساياھەت رايونى،ئالتاي ساياھەت رايونى، ئاقسۇ ساياھەت رايونى، بايىنغولىن ساياھەت رايونى، قاراماي ـ تارباغاتاي ساياھەت رايونى، قۇمۇل ساياھەت رايونى، خوتەن ساياھەت رايونى

#### ساياھەتكە تايىنىدىغان ئالتە چوڭ شەھەر

ئۈرۈمچى شەھىرى ، قەشقەر شەھىرى ، غۇلجا شەھىرى ، كورلا شەھىرى ، كۇچا ، ئالتاي شەھىرى

#### 10چوڭ سەرخىل مەنزىرە رايونى

قاناس كۆلى مەنزىرە رايونى، قەشقەر شەھىرى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت رايونى، تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ قەدىمىي ئىز رايونى، كۇچا كۇسەن مەدەنىيەت يادىكارلىقى رايونى، بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى، نارات ئوتلىقى، نەنسەن قار تېيىلىش ئىستىراھەت رايونى، باغراش كۆلى،قۇملۇق تاش يولى مەنزىرە رايونى، پامىر ئېگىزلىكى مەنزىرە لىنىيىسى

#### ئۈچ غول ساياھەت لىنىيىسى

جەنۇبىي شىنجاڭ ئايلانما لىنىيىسى، شىمالىي شىنجاڭ ئايلانما لىنىيىسى، تەڭرىتاغ ئايلانما لىنىيىسى

#### ئالتە ساياھەت ھاۋا لىنىيىسى


ئۈرۈمچى ـ كۇچا ـ قەشقەر
ئۈرۈمچى ـ كورلا
ئالتاي ـ غۇلجا ـ قەشقەر
ئۈرۈمچى ـ ئالتاي (قاناس)
ئۈرۈمچى ـ غۇلجا (نارات)
ئالتاي ـ كۇچا



## ساياھەت بايلىقى

1 : 6 000 000

| | |
|---|---|
| ئۈرۈمچى كورلا شەھىرى تۇرپان قەشقەر شەھىرى | مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھىرى |
| قەشقەر شەھىرى | مەملىكەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت داڭلىق شەھىرى |
| تېكەس تۇرپان | ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تارىخىي مەدەنىيەت داڭلىق شەھىرى |





# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى


## بىڭتۇەن شىلىرى تۇرۇشلۇق جايلار ۋە تەۋەلىكىدىكى تۈەن-مەيدانلار

| شى | تۈەن-مەيدانلار |
|---|---|
| يېزا ئىگىلىك 1-شىسى (ئاقسۇ شەھىرى) | 1-تۈەن مەيدانى؛ 2-تۈەن مەيدانى؛ 3-تۈەن مەيدانى؛ 4-تۈەن مەيدانى؛ 5-تۈەن مەيدانى؛ 6-تۈەن مەيدانى؛ 7-تۈەن مەيدانى؛ 8-تۈەن مەيدانى؛ 9-تۈەن مەيدانى؛ 10-تۈەن مەيدانى؛ 11-تۈەن مەيدانى؛ 12-تۈەن مەيدانى؛ 13-تۈەن مەيدانى؛ 14-تۈەن مەيدانى؛ 15-تۈەن مەيدانى؛ 16-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 2-شىسى (كورلا شەھىرى) | 21-تۈەن مەيدانى؛ 22-تۈەن مەيدانى؛ 23-تۈەن مەيدانى؛ 24-تۈەن مەيدانى؛ 25-تۈەن مەيدانى؛ 26-تۈەن مەيدانى؛ 27-تۈەن مەيدانى؛ 28-تۈەن مەيدانى؛ 29-تۈەن مەيدانى؛ 30-تۈەن مەيدانى؛ 31-تۈەن مەيدانى؛ 32-تۈەن مەيدانى؛ 33-تۈەن مەيدانى؛ 34-تۈەن مەيدانى؛ 35-تۈەن مەيدانى؛ 36-تۈەن مەيدانى؛ 223-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 3-شىسى (قەشقەر شەھىرى) | 41-تۈەن مەيدانى؛ 42-تۈەن مەيدانى؛ 43-تۈەن مەيدانى؛ 44-تۈەن مەيدانى؛ 45-تۈەن مەيدانى؛ 46-تۈەن مەيدانى؛ 48-تۈەن مەيدانى؛ 49-تۈەن مەيدانى؛ 50-تۈەن مەيدانى؛ 51-تۈەن مەيدانى؛ 52-تۈەن مەيدانى؛ 53-تۈەن مەيدانى؛ پەيزاۋات باش مەيدانى؛ شەرق شاملى دېھقانچىلىق مەيدانى؛ قىزىلبايراق چارۋىچىلىق فېرمىسى؛ يەكەن دېھقانچىلىق مەيدانى؛ قاغىلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| يېزا ئىگىلىك 4-شىسى (غۇلجا شەھىرى) | تويۇن چارۋىچىلىق مەيدانى؛ 61-تۈەن مەيدانى؛ 62-تۈەن مەيدانى؛ 63-تۈەن مەيدانى؛ 64-تۈەن مەيدانى؛ 65-تۈەن مەيدانى؛ 66-تۈەن مەيدانى؛ 67-تۈەن مەيدانى؛ 68-تۈەن مەيدانى؛ 69-تۈەن مەيدانى؛ 70-تۈەن مەيدانى؛ 71-تۈەن مەيدانى؛ 72-تۈەن مەيدانى؛ 73-تۈەن مەيدانى؛ 74-تۈەن مەيدانى؛ 75-تۈەن مەيدانى؛ 76-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 4-شىسى | 77-تۈەن مەيدانى؛ 78-تۈەن مەيدانى؛ 79-تۈەن مەيدانى؛ بەشدۆڭ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ نەسىللىك كۆپەيتىش مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 5-شىسى (بورتالا شەھىرى) | 81-تۈەن مەيدانى؛ 82-تۈەن مەيدانى؛ 83-تۈەن مەيدانى؛ 84-تۈەن مەيدانى؛ 85-تۈەن مەيدانى؛ 86-تۈەن مەيدانى؛ 87-تۈەن مەيدانى؛ 88-تۈەن مەيدانى؛ 89-تۈەن مەيدانى؛ 90-تۈەن مەيدانى؛ 91-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 6-شىسى (ۋۇجياچۈ شەھىرى) | 101-تۈەن مەيدانى؛ 102-تۈەن مەيدانى؛ 103-تۈەن مەيدانى؛ 105-تۈەن مەيدانى؛ 106-تۈەن مەيدانى؛ 107-تۈەن مەيدانى؛ 108-تۈەن مەيدانى؛ 109-تۈەن مەيدانى؛ 110-تۈەن مەيدانى؛ 111-تۈەن مەيدانى؛ فاڭساۋخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ شىنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ جۇنخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ ياشلار ئىتتىپاقى دېھقانچىلىق مەيدانى؛ لىۇبۇگخۇ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ تۇدۇگرا دېھقانچىلىق مەيدانى؛ قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى؛ چىتەي دېھقانچىلىق مەيدانى؛ بېيتاشەن دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 7-شىسى (كۈيتۇن شەھىرى) | 123-تۈەن مەيدانى؛ 124-تۈەن مەيدانى؛ 125-تۈەن مەيدانى؛ 126-تۈەن مەيدانى؛ 127-تۈەن مەيدانى؛ 128-تۈەن مەيدانى؛ 129-تۈەن مەيدانى؛ 130-تۈەن مەيدانى؛ 131-تۈەن مەيدانى؛ 137-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 8-شىسى | 121-تۈەن مەيدانى؛ 122-تۈەن مەيدانى؛ 132-تۈەن مەيدانى؛ 133-تۈەن مەيدانى؛ 134-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 8-شىسى (شىخەنزە شەھىرى) | 135-تۈەن مەيدانى؛ 136-تۈەن مەيدانى؛ 141-تۈەن مەيدانى؛ 142-تۈەن مەيدانى؛ 143-تۈەن مەيدانى؛ 144-تۈەن مەيدانى؛ 145-تۈەن مەيدانى؛ 148-تۈەن مەيدانى؛ 149-تۈەن مەيدانى؛ 150-تۈەن مەيدانى؛ 151-تۈەن مەيدانى؛ 152-تۈەن مەيدانى؛ شىخەنزە باش مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 9-شىسى (دۆربىلجىن ناھىيىسى) | 161-تۈەن مەيدانى؛ 162-تۈەن مەيدانى؛ 163-تۈەن مەيدانى؛ 164-تۈەن مەيدانى؛ 165-تۈەن مەيدانى؛ 166-تۈەن مەيدانى؛ 167-تۈەن مەيدانى؛ 168-تۈەن مەيدانى؛ 169-تۈەن مەيدانى؛ 170-تۈەن مەيدانى؛ ئىتتىپاق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 10-شىسى (بېيتۈن) | 181-تۈەن مەيدانى؛ 182-تۈەن مەيدانى؛ 183-تۈەن مەيدانى؛ 184-تۈەن مەيدانى؛ 185-تۈەن مەيدانى؛ 186-تۈەن مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 10-شىسى | 187-تۈەن مەيدانى؛ 188-تۈەن مەيدانى؛ 189-تۈەن مەيدانى؛ 190-تۈەن مەيدانى؛ چىڭگىل دېھقانچىلىق مەيدانى |
| قۇرۇلۇش شىسى (ئۈرۈمچى شەھىرى) | قۇرۇلۇش 1-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 2-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 3-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 4-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 5-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 6-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 7-تۈەنى؛ قۇرۇلۇش 8-تۈەنى |
| يېزا ئىگىلىك 12-شىسى (ئۈرۈمچى شەھىرى) | 181-تۈەن مەيدانى؛ سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى؛ 1-ماي دېھقانچىلىق مەيدانى؛ تۇدۇنخابا دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 12-شىسى | شىسەن دېھقانچىلىق مەيدانى؛ ئۈۋى قۇشلىرى فېرمىسى؛ 221-تۈەن |
| يېزا ئىگىلىك 13-شىسى (قۇمۇل شەھىرى) | قىزىليۇلتۇز1-مەيدانى؛ قىزىليۇلتۇز2-مەيدانى؛ قىزىليۇلتۇز3-مەيدانى؛ قىزىليۇلتۇز4-مەيدانى؛ سافا دېھقانچىلىق مەيدانى؛ خوجيەن دېھقانچىلىق مەيدانى؛ دۆربەجىن دېھقانچىلىق مەيدانى؛ قىزىليۇلتۇز 1-چارۋىچىلىق فېرمىسى؛ قىزىليۇلتۇز 2-چارۋىچىلىق فېرمىسى؛ خۇڭسەن دېھقانچىلىق مەيدانى؛ نوم دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا ئىگىلىك 14-شىسى (خوتەن شەھىرى) | 47-تۈەن؛ چارۋىچىلىق 1-فېرمىسى؛ گۇما دېھقانچىلىق مەيدانى |

## تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتەكى ئىقتىساد بەلۋېغىدىكى بىڭتۇەن تۈەن-مەيدانلىرىنىڭ جايلىشىشى











شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر توپلىمى

# رايونلار خەرىتىسى







# ئۈرۈمچى شەھىرى



**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** ئۈرۈمچى شەھىرى «گۈزەل يايلاق» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، دۇنيا بويىچە دېڭىز-ئوكياندىن ئەڭ يىراق شەھەر ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇبى تۇرپان ۋىلايىتى بىلەن، جەنۇبى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربى ۋە شىمالى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ۋۇجياچۈ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. قارىمىقىدا تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، شىمىگو رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى، دۇڭسەن رايونى، داۋانچىڭ رايونى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسى بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىمىگو رايونىدا. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 815 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىمالىي قىسمى كەڭ كەتكەن ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئۈرۈمچى دەرياسى، تۇدۇڭخابا دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى، سايئوپا كۆلى قاتارلىقلار بار. ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۇز، كۆمۈر، گلاۋبېر تۇزى، نېفىت، تۆمۈر، مانگان، فوسفور، گەج، نېفىتلىق سلانېتس، مىس قاتارلىقلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر زاپىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، «كۆمۈرلۈك ئۈستىدىكى شەھەر» دېگەن نامى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قارا لەيلەك، چوڭ دوغداق، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن تاغ لەيلىسى، سوغىگۈل، قانتېپەر، چاكاندا، چۈچۈكبۇيا، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. ئۈرۈمچى شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.0°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 271.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2164.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 168 كۈن.


**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىدىن گۈللەنگەن ئۇنىۋېرسال سانائەت شەھىرى، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسىم چېگرا رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم سودا شەھىرى. ئۇنىڭدا نېفىت-خىمىيە سانائىتى، پولات-تۆمۈر، مېتاللۇرگىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ماشىنا-ئېلېكتر، ئاساسىي خىمىيە سانائىتى، پاختا-يۇڭ توقۇمىچىلىق، يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان، تۈرى بىرقەدەر تولۇق زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى شەكىللەنگەن. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكى تىپىك شەھەر ئەتراپى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، «كۆكتات-مېۋە، سۈت-ئۆي قۇشلىرى، گۆش-سۇ مەھسۇلاتلىرى» قاتارلىق ئۈچ چوڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بازىسى شەكىللەنگەن.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى ۋە شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى، ئۈرۈمچى ئايرودرومى مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ ئايرودرومنىڭ بىرى، ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق تۆمۈر يول گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ئىستانسىسى. شەھەر رايونىدىكى يوللار تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان، ساي تېز سۈرئەتلىك يولى، تاشقى ئايلانما يول، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۋاڭشەن، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قاتارلىقلار ئۆزئارا تۇتاشقان بولۇپ، شەرقتىن ۋەتەننىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن، غەربتىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشىدىغان زامانىۋى ستېرېئولۇق «يىپەك يولى»نى شەكىللەندۈرگەن. ئۈرۈمچىدە ھەيۋەتلىك گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلەر ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە باي ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرىلەر، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر بولغان داۋانچىڭ، مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سايئوپا كۆلى، تۇز كۆل، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە دۆڭكۆۋرۈك، «مۇزلۇقتىكى تىرىك قاتما» دەپ نام ئالغان 1-نومۇرلۇق مۇزلۇق، گۈزەل مەنزىرىلىك نەنسەن داڭلىق ساياھەت رايونى، جۇخۋاتەي، بەيياڭگۇ، نۇرغۇن بىباھا گۆھەر ساقلانغان ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، گېئومۇزېي، ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ساياھەتچىلەر تەلپۈنىدىغان جاي. ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىلتاغ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سىمۋولى، ئۇنىڭغا چىقىپ يىراقنى نەزەر تاشلىسىڭىز، زامانىۋى داڭلىق شەھەر كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ.

# شەرتلىك بەلگىلەر



# ئۈرۈمچى شەھرى مەمۇرىي رايونلىرى








1 : 550 000  0 5.5 11.0 16.5 22.0 كىلومېتىر

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى





1 : 550 000

**تيانشان رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرق ۋە جەنۇبى داۋانچىڭ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى شىمگو رايونى، دۇڭسەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. تيانشان رايونىنىڭ قارمىقىدا 13 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەرقىي ئايلانما يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 171 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 487 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

تيانشان رايونىنىڭ شەھەر مەمۇرىي مۇئەسسەسىلىرى تولۇق، يول قاتنىشى ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن سۇ ئۈستى باغچىسى، ھايۋانات باغچىسى، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە خەلقئارا چوڭ بازار، شىنجاڭ مىللەتلەر كوچىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى، 8 ـ ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ۋە ئىنقىلابىي قۇربان ماۋزېمىننىڭ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى قاتارلىقلار بار.

**سايباغ رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى تيانشان رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى ۋە غەربى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. سايباغ رايونىنىڭ قارمىقىدا 10 كوچا باشقارمىسى بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ياڭزىجياڭ يولىغا ئورۇنلاشقان، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 422 كۋادرات كىلومېتىر. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 444 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇھىم قۇرۇقلۇق قاتناش مەركىزى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ جايدا تۇتىشىدۇ، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى ۋە تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتىدۇ، ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن خەلق باغچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، خەلق قۇرۇلتىيى سارىيى ھەممە رىۋايەت تۈسىگە ئىگە يامالىق تېغى قاتارلىقلار بار.



1 : 125 000


# يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى

**يېڭىشەھەر رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئورۇنلاشقان. شەرقى شىمگو رايونى، دۇڭسەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يېڭىشەھەر رايونىنىڭ قارمىقىدا 13 كوچا باشقارمىسى، 2 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي بېيجىڭ يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 142 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 376 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

يېڭىشەھەر رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قاتناشتىكى دەرۋازىسى، شىنجاڭ ئاۋىئاتسىيە قاتناش مەركىزى، بۇ رايوننىڭ تەۋەسىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ ئايرودرومدىن بىرى بولغان ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايرودرومى بار. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن لىيۇسەن تېغى باغچىسى، يېڭىشەھەر باغچىسى، ئۆسۈملۈك باغچىسى، ئۈرۈمزارلىق قاتارلىقلار بار.

**تۇدۇڭخابا رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا ئورۇنلاشقان. شەرقى يېڭىشەھەر رايونى، سايباغ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب ۋە شىمالى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى سانجى شەھىرى بىلەن تۇدۇڭخابا دەرياسى ئارقىلىق قارشىپ تۇرىدۇ. تۇدۇڭخابا رايونى قارمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىمالىي پويىز ئىستانسىسى يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 276كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 124 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

تۇدۇڭخابا رايونى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، يولۇچى ۋە يۈك توشۇشقا ناھايىتى قولايلىق. ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 312-لىنىيىسى رايون تەۋەسىدىن ئۆتۈپ، تاشيول-تۆمۈريول تەڭ ئۆتۈشىدىغان قاتناش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. تۇدۇڭخابا رايونى گۈزەل تۇدۇڭخابا دەرياسى ساھىلىغا جايلاشقان، مەنزىرىسى گۈزەل ۋە يېقىشلىق بولۇپ، كۆكلەمدىكى ئالاھىدە ساياھەت ئورنى.



1 : 125 000




**شىمىگو رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى ۋە شىمالى دۇڭسەن رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى تيانشان رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمىگو رايونىنىڭ قارمىقىدا 7 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئارشاڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 91 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 163 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

شىمىگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، يوللىرى كەڭ، قاتنىشى تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان. شىمىگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يازدا دەم ئالىدىغان مەنزىرىلىك جاي بولۇپ، بۇ يەردە تاغلىرى ياپيېشىل، مۇنارلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، دەل ـ دەرەخلەر بۈككىدە ئۆسكەن، ئارشاڭ سۇلىرى ئۇرغۇپ ئېقىپ تۇرغان شىمىگو داڭلىق مەنزىرە رايونى ، ئۈرۈمچىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىلتاغ قاتارلىقلار بار.

**دۇڭسەن رايونى** ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرق ۋە شىمالى مىچۈەن شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى تيانشان رايونى، داۋانچىڭ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى يېڭىشەھەر رايونى، شىمىگو رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. دۇڭسەن رايونىنىڭ قارمىقىدا 3 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ رايونىنىڭ نۇرلۇق يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 244 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 94 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

دۇڭسەن رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرق تەرەپتىكى دەرۋازىسى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى، دۆلەت تاشيولى 216 ـ لىنىيىسى، تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيىسى رايون تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. دۇڭسەن رايونى تەگرىتېغىنىڭ ئېتىكىگە يېقىن بولۇپ، قەدىمىي قارىياغاچلىق جىلغىسى، يۆلياگتەي قاتارلىق قەدىمىي قارىياغاچلىق داڭلىق مەنزىرە رايونى بار.



# داۋانچىڭ رايونى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى




**داۋانچىڭ رايونى** تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى تۇرپان شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى توقسۇن ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى ئۈرۈمچى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى تيانشان رايونى، دۇڭسەن رايونى، مىچۈەن شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. داۋانچىڭ رايونىنىڭ قارمىقىدا 4 كوچا باشقارمىسى، 1 باشقۇرۇش كومىتېتى، 1 بازار، 3 يېزا بار، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى داۋانچىڭ بازىرىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5042 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 41 مىڭ 800 بولۇپ، ئاساسلىقى خۇيزۇ، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر بار.


داۋانچىڭ رايونى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ھەم ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىنى باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ئۆتكەل، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى بۇ رايوندىن كېسىپ ئۆتىدۇ.

**ئۈرۈمچى ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى داۋانچىڭ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى توقسۇن ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى سانجى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ۋۇجياچۈ شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى تيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى، تۇدۇڭخابا رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 2 بازار، 8 يېزا بار، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي يېكەنكۆل يولىغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 4601 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 82 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، نەنسەن داگلىق مەنزىرە رايونى، جاۋبىشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى، جوخۇاتەي، بەيياڭگو، نەنتەيزى ھەمدە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى جۇغراپىيىلىك مەركىزى، خەلقئارا چاڭغا تېيىلىش مەيدانى بار.



# ئۈرۈمچى شەھەر رايونى





# قاراماي شەھىرى


**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** قاراماي شەھىرى جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئەتراپى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن، ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسمى كۈيتۇن شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاراماي شەھىرىگە مايتاغ رايونى، قاراماي رايونى، جەرەنبۇلاق رايونى ۋە ئورخۇ رايونى قارايدۇ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قاراماي رايونىدا. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 290 مىڭ بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.


**تەبىئىي بايلىقى:** قاراماي شەھىرىنىڭ يېرى كەڭ ھەم تۈز بولۇپ، جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگىچە توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇن، شەرقتىن غەربكە تار بولۇپ، سوزۇنچاق شەكىلنى ھاسىل قىلغان. سۇ بايلىقىدىن دەم دەرياسى، ئەيرىك كۆلى قاتارلىقلار بار. نېفىت، تەبىئىي گاز قاراماي شەھىرىنىڭ ئاساسلىق قېزىلما بايلىقى بولۇپ، نېفىت قاتلىمى تېيىز، زاپىسى مول، نېفىت سۈپىتى ئەلا، نېفىت ـ گاز ھەممە يەرگە تارقالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق نېفىتلىكلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھازىرغىچە بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تەبىئىي ئاسفالت، كۆمۈر، تۇز، گەج، گلاۋبېر تۇزى، تاش پاختا، خرۇستال قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلار بايلىقىدىن جەرەن، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، تۈلكە، يىلان، قىرغاۋۇل قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن يەر مەدىكى، توشقان زەدىكى، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، ئاق بۇيا، ئادراسمان، قومۇش يىلتىزى، پەربۇن قاتارلىق 230 خىلدىن ئارتۇقى بار. قاراماي شەھىرى تىپىك قۇرۇقلۇق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.6℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 105.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2745.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 224 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** قاراماي شەھىرى مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم نېفىت ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا يېڭىدىن گۈللەنگەن زامانىۋى نېفىت سانائىتى شەھىرى. بۇ شەھەردە «چوڭ نېفىت، چوڭ نېفىت ـ خىمىيە، چوڭ يېزا ئىگىلىك، چوڭ بازار» دىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىستراتېگىيە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان بولۇپ، چارلاش، ئېچىش، نېفىت ئايرىش، خىمىيە سانائىتى، نېفىت ـ گازنى توپلاپ يوللاش، مەھسۇلات سېتىش، نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، پەن تەتقىقات، لايىھىلەش، رېمونت، ماشىنىسازلىق، توك تارقىتىش، سۇ تەمىنلەش قاتارلىق تۈرى بىرقەدەر تولۇق بولغان نېفىت خىمىيە سانائىتى سىستېمىسى ۋە داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سودا، شەھەر قۇرۇلۇشى مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، جامائەت ئىشلىرى ئاساسەن يۈرۈشلەشكەن زامانىۋى نېفىت سانائىتى شەھىرى شەكىللەندى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن نېفىت، نېفىت مەھسۇلاتى ۋە نېفىت ـ خىمىيە مەھسۇلاتى بار، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت مىقدارى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنىدىغان نېفىت مىقدارىنىڭ 1/2 نى تەشكىل قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ئېكولوگىيىلىك چوڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، سەپلىمە كەسىپ ۋە يېڭى تۈۋرۈك كەسىپ شەكىللەنگەن.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** قاراماي شەھىرى شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى مايتاغ رايونىنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى پۈتۈن قاراماينى ئۇزۇنىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شەرق تەرىپىدىكى 201 ـ ئۆلكە يولى بىۋاستە مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە، غەرب تەرىپىدىكى 221 ـ ئۆلكە يولى بىۋاستە چۆچەككە تۇتىشىدۇ. قارامايدا ئۈرۈمچىگە ئۇچىدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلان بولۇپ، تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنغان، يۇقىرى ئاۋىئاتسىيىسى، تۆمۈر يول، تۇرۇبىلىق توشۇش بىللە يولغا قويۇلغان قاتناش ـ ترانسپورت ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. قاراماي شەھىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بايقالغان تۇنجى چوڭ نېفىتلىك، ئەينى يىللاردا «قاراماي ناخشىسى» چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرىدا ياڭراپ، غەربىي شىمالدىكى قارا گۆھەر دەپ تونۇلغانىدى. مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرىدىن دۇنياغا مەشھۇر بولغان داڭلىق مەنزىرىلىك رايون «شەيتانكەرىش»، غەربىي رايون چۆللۈكى باغچىسى، قاراماي تېغى قاتارلىقلار بار.








# قاراماي شەھىرى مەمۇرىي رايونلىرى



1 : 600 000
كىلومېتىر 0 6 12 18 24

# قاراماي شەھرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى









1 : 600 000 — 0 6 12 18 24 كىلومېتىر

# مايتاغ رايونى، قاراماي رايونى



**مايتاغ رايونى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇب چېتىگە جايلاشقان. شەرق، جەنۇب، غەرب ئۈچ تەرىپى شىخۇ شەھىرى بىلەن، شەرقىي شىمالى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى ئارقىلىق كۈيتۇن شەھىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا 3 كوچا باشقارمىسى قارايدۇ، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ شەرقىي داچىڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 400 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 48 مىڭ 200 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

مايتاغ رايونى شىمالىي شىنجاڭ رايونىنىڭ قاتناش مەركىزىگە جايلاشقان، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، دۆلەت يولى 312 ـ، 217 ـ لىنىيىلىرى مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. تۆمۈر يول مەخسۇس لىنىيىسى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل قاتناش تورى شەكىللەنگەن. مايتاغ رايونىدا دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان لاي ـ لاتقا ۋۇلقىنى پارتلاش ئىغىزى قاتارلىق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرىلىرى بار.

**قاراماي رايونى** جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە جايلاشقان. شەرقى ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى كۈيتۇن شەھىرى بىلەن، غەربى شىخۇ شەھىرى، تولى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى جەرەنبۇلاق رايونى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قاراماي رايونىغا 6 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا قارايدۇ. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ يۇڭخۇڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى5351 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 149 مىڭ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

قاراماي رايونىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق. جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى رايون تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە شەرق ـ غەرب ئىككى قانىتىدىكى ئۆلكە يولى 201 ـ، 221 ـ لىنىيىلىرى ۋە نېفىتلىك يولى بىلەن تۇتىشىپ، ھەممە ياققا تۇتاشقان قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىدىن كونا قاراماي، قاراماي 1 ـ قۇدۇقى، كان تارىخى كۆرگەزمىخانىسى، توققۇز ئەجدىھا كۆلى قاتارلىقلار بار.

ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 450 000
0 4.5 9.0 13.5 18.0 كىلومېتىر

# جەرەنبۇلاق رايونى، ئۇرخۇ رايونى




**جەرەنبۇلاق رايونى** قاراماي شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. شەرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قاراماي رايونى بىلەن، غەربى تولى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۇرخۇ رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 2 كوچا باشقارمىسى قارايدۇ. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ مىنخۇ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1272 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 58 مىڭ. ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

جەرەنبۇلاق رايونىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى رايون تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ ھەمدە نېفىتلىك يولى بىلەن تۇتىشىپ مۇكەممەل قاتناش تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شەرقىي جەنۇبىدىكى 25 كىلومېتىرلىق جايدا 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەبىئىي ئورمان بەلۋىغى بار بولۇپ، ئۇ يەردە يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر باراقسان ئۆسكەن. جەرەن، ياۋا توشقان، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، بەئەينى تەبىئىي ھايۋانلار باغچىسىغا ئوخشايدۇ.

**ئۇرخۇ رايونى** قاراماي شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان. شەرق، شىمال تەرەپلىرى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى جەرەنبۇلاق رايونى بىلەن، غەربى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭغا 1 كوچا باشقارمىسى، 1 يېزا قارايدۇ. رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ سۆگەتلىك كوچىسىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2229 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 6000 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

ئۇرخۇ رايونىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 217 ـ لىنىيىسى رايون تەۋەلىكىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. يېشىل ئورمانغا پۈركەلگەن، زۇمرەتتەك سۇلىرى دولقۇنلاپ تۇرغان دەم دەرياسى، ئەيرىك كۆلى قاتارلىق گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى، نامى جۇڭگو ۋە دۇنياغا مەشھۇر بولغان «شەيتانكەرىش» مەنزىرە رايونى بار، بۇ يەردە يالىڭاچلانغان تاش قاتلاملىرى قاتتىق بوراندا يالىنىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ قىياپەت شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بەزىلىرى گىگانت ئادەمگە، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشىسا، بەزىلىرى جىن ـ ئالۋاستىلارغا، يەنە بەزىلىرى شىپاڭ ـ راۋاقلارغا ئوخشايدۇ، بۇلارنىڭ خىلمۇ خىل قىياپىتى كىشىنى خىيالىي تەسەۋۋۇرغا ئېلىپ بارىدۇ.





# تۇرپان ۋىلايىتى

**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** تۇرپان ۋىلايىتى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن، غەربى ۋە جەنۇبى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، شىمالى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتىگە تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى ۋە توقسۇن ناھىيىسى قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 571 مىڭ 700 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ھەيۋەتلىك بوغدا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى قاپساللىق ئويمان — تۇرپان بوستانلىق ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ تۆۋەن جاي — ئايدىڭكۆل. يالقۇنتاغ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتكەن. سۇ بايلىقىدىن داخېيەن دەرياسى، قارايۇزى دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۇز، كۆمۈر، نېفىت، ھاك تاش، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، ئالتۇن، گلاۋبېر تۇزى، مىس، گرانىت، ئالبىت، يىلان قاسىرىقى تاش، بېنتونىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، بۆكەن، ياۋا تۆگە، قوڭۇر ئېيىق، ئارقار، ئۇلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىدىن كىرەش، چاچۇكبۇيا، يانتاق شېكىرى، زاراڭزا، سوغىگۈل، ئالقات، تاغ لەيلىسى قاتارلىق 300 دىن ئارتۇق تۈرى بار. تۇرپان ۋىلايىتى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 17.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2741.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 262 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** تۇرپان ۋىلايىتى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي ۋە قوناقنى ئاساس قىلغان، ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن كېۋەز، ئۈزۈم، خاسىڭ، مېۋە-چېۋە، ياغلىق دان ۋە كۆكتات قاتارلىقلار بار. سانائىتى نېفىت، نېفىت-خىمىيە سانائىتى، قېزىلما بايلىقلارنى پىششىقلاش ۋە ئۈزۈم پىششىقلاش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان ھەمدە توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە كۆن-خۇرۇم قاتارلىق سانائەتلەرمۇ بار. تۇرپان مەملىكەت بويىچە داڭلىق «ئۈزۈم، قوغۇن ۋە ئۈزۈن تالالىق پاختا» ماكانى، شۇنداقلا تۇرپان-قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان مۇھىم رايونى. پىچان ناھىيىسى شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۈزۈم ھارىقى — روران شېكەرسىز قىزىل ئۈزۈم ھارىقى، شېكەرسىز ئاق ئۈزۈم ھارىقى ۋە «يىپەك يولىدىكى گۆھەر» ماركىلىق شاكىلاتلىق قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق تەبىئىي ساپ يېشىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، بۇ بىر قاتار ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازىرى ئىتتىك.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** تۇرپان ۋىلايىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يول، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى مۇشۇ جايدا كېسىشىدۇ، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەممە يېرىگىچە تۇتىشىدۇ. تۇرپان رايونى ئېلىمىز يىپەك يولى مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرى ئەڭ مول بولغان رايون، ئۇ جايدا 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بوران-چاپقۇنلۇق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، يەنىلا ئوبدان ساقلانغان يارغول قەدىمىي شەھىرى ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، نۇرغۇن قېتىم تالان-تاراج قىلىنىپمۇ، يەنىلا نەپىس ساقلىنىپ تۇرغان بېزەكلىك مىڭئۆي تام رەسىملىرى، مىڭ يىللىق ساقلانغان قەدىمىي جەسەتلەر ۋە قىممەتلىك يادىكارلىقلارغا ئىگە ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇرۇلمىسى ئالاھىدە بولغان، ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىنىپ پەلەككە تاقاشقان ئىسلام ئىمارىتى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى قاتارلىقلار بار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سېھرىي تۈس ئالغان يالقۇنتاغ، يېشىللىق بىلەن قاپلانغان، مولچىلىققا تولغان بۈيلۈق، چۆل باياۋاندا يىل بويى سۈزۈك بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان كارىز سەيلىگاھى، گۈزەل مەنزىرىلىك قۇملۇق ئۆسۈملۈك باغچىسى، قۇملۇق باغچىسى ۋە دۇنيا بويىچە 2-ئويمان جاي ئايدىڭكۆل بار. رەڭگارەڭ، مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى ئۆزگىچە خاس تەبىئىي مەنزىرىسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.











# تۇرپان ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 1 100 000


# تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




63

62

1 : 1 100 000






**تۇرپان شەھىرى** «ئۇرۇم شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىسى بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى توقسۇن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى، جىمسار ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. تۇرپان شەھىرى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، قارىمىقىدا 2 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 7 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ ياشلار يولىغا ئورۇنلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى13650 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 254 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بار.

تۇرپان شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى بوغدا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تۇرپان بوستانلىق ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى پەس تاغ، چۆللۈك بولۇپ، يالقۇنتاغ غەربتىن شەرققە قاراپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئايدىڭكۆل مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ پەس ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. سۇ بايلىقىدىن داخېيەن دەرياسى، تارلاڭ جىلغىسى قاتارلىق دەريا ـ ئېقىنلىرى بار، داڭلىق كارىز يەر ئاستى سۈيىنى باشلاش قۇرۇلۇشى مۇشۇ يەرگە قۇرۇلغان. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن تۇز، كۆمۈر، نېفىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، جەرەن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئۇجمە، زاراڭزا، سوغىگۈل، ئالقات، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. تۇرپان شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ زىيادە قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14.4℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 15.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2539.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 251 كۈن.

تۇرپان شەھىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. تۇرپان شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن جايى بولۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مول، يارغۇل قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن يالقۇنتاغ، بۈيلۇق ،كارىز، ئايدىڭكۆل قاتارلىقلار بار.

1 : 650 000

0 6.5 13.0 19.5 26.0 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر


-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر



**پىچان ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقتە قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا چاقىلىق ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، غەربتە تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالدا گۇچۇڭ ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پىچان ناھىيىسىنىڭ قارمىقىدا 5 بازار، 5 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 39548 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس، شىمالىي قىسمى بوغدا تېغى، ئوتتۇرا قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە قۇمۇل ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى چۆللۈك ۋە قۇملۇق. سۇ بايلىقىدىن ئۆرتەڭ ئۆستىڭى، كۆكيار دەرياسى، كەرچى دەرياسى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، مەرمەر تاش، بېنتونىت، نىتراتىن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ئارقار، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، چاكاندا قاتارلىقلار بار. پىچان ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ زىيادە قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، كۈنىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى مول، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7°C، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 27.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2515.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 245 كۈن.

پىچان ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى، لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈن ناھىيىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. پىچان ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى قۇمتاغ قۇملۇقى بار. يالقۇنتاغنىڭ شەرقىدىكى لەمجىن جىلغىسى ئىچىدە چوڭ تىپتىكى بۇت تاش ئويمىلىرى بار ھەمدە دۆلەت تاشيولى 312 ـ لىنىيىسىنىڭ يېنىدا مۇكەممەل ساقلانغان خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇر بار. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە تۇيۇق مىڭ ئۆيى بار بولۇپ، بۇ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان بۇددا دىنى تاش كېمىرلىرى توپى.




# توقسۇن ناھىيىسى

**توقسۇن ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى تۇرپان شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربى خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 3 بازار، 4 يېزا بار، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يەر مەيدانى 16126 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 110 مىڭ.


توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا، شىمالىي قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى، جەنۇبىي قىسمى چۆل تاشلىق بەلۋېغى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى نۆل بولغان شەھەر-بازار. سۇ بايلىقىدىن ئالغۇ ئۆستىڭى، ياشلار ئۆستىڭى قاتارلىق سۇ سىستېمىسى بار. قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۇز، تازىلانغان شور، بېنتونىت، تاشپاختا، گۈڭگۈرتلۈك تۆمۈر، مىس، سىمېكىنت، ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، تاغ تېكىسى، ئارقار، ئاق قۇ، ئۈلار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، قار لەيلىسى، ئۈجمە، چاكاندا قاتارلىقلار بار. توقسۇن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ زىيادە قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14.1℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 8.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 3171.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 290 كۈن.

توقسۇن ناھىيىسى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى بىلەن دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى بۇ يەردە كېسىشىدۇ، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاگشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈن ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. توقسۇن ناھىيىسىدە قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن پارچە ساقال يېگى تاش قورللار دەۋرى خارابىسى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تاش تۇر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇر، كۆجەي سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى، ئۇستۇنغول قەدىمكى تېبەت يېزىقى تاش ئويمىسى قاتارلىقلار بار.




1 : 700 000

# تۇرپان شەھەر رايونى





# قۇمۇل ۋىلايىتى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** قۇمۇل ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان. شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسى، جەنۇبى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، غەربى تۇرپان ۋىلايىتى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قۇمۇل ۋىلايىتىگە قۇمۇل شەھىرى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە ئاراتۈرۈك ناھىيىسى قارايدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قۇمۇل شەھىرىگە جايلاشقان. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 524 مىڭ 900 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز، جەنۇب، شىمالى پەس بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى تەڭرىتاغ تىزمىلىرى، شىمالىي قىسمى ساي تۈزلەڭلىك، جەنۇبىي قىسمى ئويمانلىق. سۇ بايلىقىدىن تەڭرىتاغ قار-مۇزلىرىنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن 140 تىن ئارتۇق دەريا ۋە يەر ئاستى سۈيى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، مانگان، ۋانادىي، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، نىكېل، تۇز، گلاۋېر تۇزى، فۇلۇك كىسلاتا، تاش ماتېرىيالى قاتارلىق 76 خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە فۇلۇك كىسلاتانىڭ زاپاس مىقدارى دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدۇ. گرانىت تاشلاردىن تەڭرىتاغ كۆكى، يۇلتۇزلۇق قاتارلىق قىممەتلىك كۆك گرانىتلار دۆلىتىمىزدە پەقەت مۇشۇ يەردىلا چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن ياۋا تۆگە، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، قىزىل تۈلكە، ئاق ئاغمىخان، قارا تايغان بۇغا، سۈلەيسۇن، ئارقار، جەرەن قاتارلىقلار بار. ياۋايى دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن زاراڭزا، چاچ سەي، سوغىگۈل، يالغان مېھرىگىياھ، ئەنجۇدان، قانتېپەر، پەربۇن، يالپۇز، قورچاققول، چاكاندا، تاغ لەيلىسى قاتارلىقلار بار. قۇمۇل ۋىلايىتى مۆتىدىل بەلۋاغ چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 121.00 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2124.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 163 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ زېمىنى كەڭ، ماددىي ئەشيا بايلىقى مول، يېرى مۇنبەت بولۇپ، دېھقانچىلىقتا بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، قولماق، ئۈزۈم، قوغۇن، چىلان قاتارلىقلار چىقىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈزۈم، قوغۇن ۋە چىلان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر. سانائەت ئاساسى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى ۋە كانچىلىق كەسپى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. ئاساسلىق تۈرلەردىن كۆمۈر، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تاش ماتېرىيال، ئالتۇن قېزىش، نىئورگانىك تۇز خىمىيە سانائىتى، چىرىندى كىسلاتا ۋە يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىقلار بار. سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن تۆمۈر رۇدىسى، سېمونت، گرانىت، پاختا يىپ، كۆمۈر، ئۈزۈم ھارىقى، سۇيۇقلۇق سۈت، خام تۇز قاتارلىقلار بار.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** قۇمۇل ۋىلايىتى «شىنجاڭنىڭ چوڭ دەرۋازىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت تاشيولىنىڭ 312-لىنىيىسى ۋىلايەت تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، تاشيول، تۆمۈر يولدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ «قان تومۇر» شەرقتىن غەربكە قوش يۆنىلىشلىك تارقالغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆلكە يولىنىڭ 302-، 303-لىنىيىلىرى قۇمۇلنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئاساسلىق تاشيوللارغا تۇتاشتۇرغان. تۆمۈرتام دۆلەت 1-دەرىجىلىك پورتى شىنجاڭنىڭ موڭغۇلىيىگە ئېچىلغان مۇھىم سودا يولى. قۇمۇل ئىلگىرى قەدىمكى « يىپەك يولى » نىڭ شىمالىي يېڭى يولىدىكى مۇھىم قانال بولۇپ، ساياھەت بايلىقى مول، ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلىرى، قويۇق ئورمانلىرى، كەڭ يايلاقلىرى، سىرلىق كۆللىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەدىمىي شەھەر، قەدىمىي قەبرە، قىياتاش سىزمىلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلىرى، نامى جۇڭگو ۋە دۇنياغا مەشھۇر بولغان قارادۆۋە قەدىمىي قەبرىلىرى، تاغلىرى، سۇلىرى، قاراگۇ ئورمانلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ئاقتاش مەنزىرە رايونى ۋە سۇگۇچتام مەنزىرىسى، تارىخى ئۇزۇن تاشۋېلىق قىياتاش سىزمىلىرى، لاپچۇق قەدىمىي شەھەر خارابىسى ۋە بەيياڭگۇ جىلغىسى ئىبادەتخانىسى، ئاجايىپ ئوخشىتىپ ياسالغان خىلمۇ خىل قىياپەتتىكى كۆڭمىگلۇ تەبىئىي غەلىتە تاشلىرى، شەيتانكەرىش ۋە ئەتراپى يايلاق بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك سار چوققا قاتارلىقلار بار.

# قۇمۇل ۋىلايىتى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 1 650 000

# قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




1 : 1 650 000

# قۇمۇل شەھىرى



**قۇمۇل شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن، جەنۇبى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، غەربى پىچان ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، شىمالى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قۇمۇل شەھىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، تەۋەلىكىدە 5 كوچا باشقارمىسى، 4 بازار، 14 يېزا بار، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى شەھەر رايونىنىڭ گۇاڭدۇڭ يولىدا. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 80788 كۋادرات كىلومېتىر، 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شەھەر ئومۇمىي نوپۇسى 403 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسلىقى خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى شەرقىي تەڭرىتاغ تىزمىسى، شەرقىي، جەنۇبىي قىسىملىرى ئۇپرىغان پاكار تاغ ـ ئېدىرلار، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى قۇمۇل ئويمانلىقى. سۇ بايلىقىدىن تەڭرىتاغ قار سۈيىدىن شەكىللەنگەن 29 دەريا بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، نىكېل قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، قىزىل تۈلكە، ئاق ئاغمخان قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن يالغان مېھرگىياھ، ھىڭ، قانتپەر قاتارلىقلار بار. قۇمۇل شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ،يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.0°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 39.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2558.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 218 كۈن.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ «شىنجاڭنىڭ چوڭ دەرۋازىسى» دېگەن نامى بار بولۇپ، قاتنىشى قولايلىق. لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولى، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى شەھەر ئىچىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇمۇلدا بەيياڭگۇ جىلغىسى ئىبادەتخانىسى، يېڭى تاش قورال خارابىسى، خۇەنسەيگۇ جىلغىسىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئابىدىلەر بار. داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن ئاقتاش مەنزىرە رايونى، شەيتانكەرىش، سارچوقا قاتارلىقلار بار.




1 : 1 350 000

# باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى




## باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرقى ئاراتۈرۈك ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تەۋەسىدە 4 بازار، 8 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 36947 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. سۇ بايلىقىدىن ئاساسلىقى بەيياڭگۇ، باركۆل كۆلى ۋە نۇرغۇنلىغان بۇلاقلار بار. قېزىلما بايلىقىدىن ئالتۇن، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق 30 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، ئارقار قاتارلىق 10 نەچچە خىلى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چاكاندا، سۇزاپ قاتارلىق 500 نەچچە خىلى بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاغ لەيلىسى، موگۇ، يىمۇساۋ «ئوتلاقنىڭ ئۈچ گۆھىرى» دەپ نام ئالغان. باركۆل ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىككىلەمچى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 220.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1635.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 116 كۈن.

باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تاشيول قاتنىشىنى ئاساس قىلىدۇ. تەۋەسىدىكى تۆمۈرتام دۆلەت 1 ‐ دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيىگە قارىتىلغان سودا يولى. باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى تارىختىكى « سەككىز داڭلىق شەھەر» نىڭ بىرى بولۇپ، داخې قەدىمىي شەھىرى خارابىسى، باركۆل مەنچېڭ، خەنچېڭ خارابىسى، نەنۇەن قەدىمىي قەبرىلىرى، باچياڭزا قىيا تاش سىزمىلىرى، تۇر، سىشىلى دادۇڭ، رېنشاڭ ئابىدىسى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن باركۆل كۆلى، باركۆل ئوتلىقى، قوجامدى باستاۋ ئارامگاھى، سارچوقا، يۆياچۈەن، تۆمۈرتام كۆلى (جۇڭگودىكى ئەڭ كىچىك دۆلەت ھالقىغان كۆل) قاتارلىقلار بار.




# ئاراتۇرۇك ناھىيىسى



**ئاراتۇرۇك ناھىيىسى** شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. جەنۇبى قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربىي شىمالى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىدە 2 بازار، 5 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 19511 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭ.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى كەلكۈن تىنىمىسىدىن شەكىللەنگەن يانتۇ تۈزلەڭلىك، شىمالىي قىسمى نوم چۆللىكى. سۇ بايلىقى ئاساسلىقى مۇز سۇيى ۋە تاغ ئارىسىدىكى بۇلاقلاردىن كېلىدۇ. قېزىلما بايلىقتىن تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كۆمۈر، نېفت، گرانىت قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، ئېشەك، ياۋا چوشقا، تايغان بۇغا، يىلپىز، ئارقار، ئۇلار، قوڭغۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن موگۇ، تاغ لەيلىسى، چاكاندا، چۇچۇكبۇيا قاتارلىقلار بار. ئارا تۇرۇك ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى3.9℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 103.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2179.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 156 كۈن.

ئاراتۇرۇك ناھىيىسىدە تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ ناھىيىدە ساياھەت بايلىقى مول، يېشىل ئاراتۇرۇك دەرياسىنى مەركەز قىلغان ھالدا «3 چوڭ مەنزىرە رايونى »، «سەككىز چوڭ ساياھەت نۇقتىسى » ئېچىلغان. «3چوڭ مەنزىرە» دېگىنىمىز غەربتىكى ئوتلاق مەنزىرىسى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك مەنزىرە ۋە شەرقتىكى چۆللۈك مەنزىرىسى. « 8 چوڭ ساياھەت نۇقتىسى » دېگىنىمىز قۇم ساداسى تېغى، قىزىل تاش، تۇزكۆل، قارلىق تاغ مۇزلۇقى، سىلتىسىلاشقان دەرەخلىك باغچىسى، توغراقلىق، يېشىل ئاراتۇرۇك دەرياسى، باي تاش ياۋا تۆگە تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن كارساڭ خارابىسى، باي قىيا تاش سىزمىلىرى بار.





# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربى شىخەنزە شەھىرى، تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن، شىمالى ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا سانجى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، مىچۈەن شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى، جىمسار ناھىيىسى ۋە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى قارايدۇ. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى سانجى شەھىرىدە. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 543 مىڭ 300 بولۇپ، ئاساسلىقى خۇيزۇ، خەنزۇ، قازاق مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.


**تەبىئىي بايلىقى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى بوستانلىق ۋە تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن ماناس دەرياسى، تاسىرقاي دەرياسى، قۇتۇبى دەرياسى، سەنتۇنخې دەرياسى، تۇدۇڭخې دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، مەرۋايىت تاش، چىرىمتال، سلانېتس قاتارلىق 50 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، ئۇلار، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، قارا لەيلەك، ئاق لەيلەك، سېرىق بۆركۈت قاتارلىق 130 خىلى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكى بايلىقىدىن سوغىگۈل، قانتېپەر، پەربۇن، تاغ لەيلىسى، زاراڭزا، ئالفات، چوچۇكبۇيا قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.7°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 215.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1988.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بازىسى، شۇنداقلا مۇھىم سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، ئاشلىق، پاختا، چارۋا مەھسۇلاتى، ئۇرۇقچىلىق، كۆكتات قاتارلىق تايانچ كەسىپلەر ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن. ماناس ناھىيىسى دۆلەتنىڭ پاختا بازا ناھىيىسى، گۇچۇڭ ناھىيىسى دۆلەتنىڭ ئاشلىق ناھىيىسى، پۈتۈن ئوبلاست چارۋىچىلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ۋە گۆش ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى شىنجاڭ بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. يېمەكلىك، ماشىنا ـ ئېلېكتر، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان سانائەت سىستېمىسى ئوبلاست بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىن تۈنخې ۋە ئالاھىدە ترانسفورماتور ئېلېكتر سانائىتى شىركىتى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئالاھىدە ترانسفورماتورى، شىنتيەن ئۈزۈم ھارىقى، تۈنخې سېمونتى، يەنيۇ پەمىدور مەھسۇلاتلىرى، مەيچۈر يۇرۇشلۇك يېمەكلىكلىرى، غەربىي دىيار ئۇرۇقى، تەڭرىتاغ ئۈنى قاتارلىق بىر تۈركۈم داڭلىق ماركىلار شەكىللەندى. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، پاختا، قىزىلچا، پۇرچاق، ياغلىق دان، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات قاتارلىقلار بار. چارۋىچىلىقتا كالا، قوي بېقىش ئاساس قىلىنىدۇ.


**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 312 ـ، 216 ـ لىنىيىلىرى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولى، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئوبلاست تەۋەسىدىن كېسىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇلاستاي دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورتى موڭغۇلىيە بىلەن سودىلىشىدىغان مۇھىم پورت. سانجى ئوبلاستى يادرولۇق ساياھەت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان ئېگىز تاغ كۆلى —— بوغدا كۆلى، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان غەربىي دىيار تارىخىي مەشھۇر شەھىرى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېشبالىق قەدىمىي شەھەر خارابىسى، شىداسى مەسچىتى خارابىسى، كاڭجا تاش دەرۋازا قىياتاش سىزمىلىرى، ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دىنوزاۋر تاش قاتمىسى قېزىلغان جاي، شەرقتىكى ئەڭ چوڭ قەدىمىي تاشقا ئايلانغان ئورمان ۋۇسەيۈەن سىلتسىيلاشقان دەرەخ ئورمىنى، نوم شەيتان شەھىرى، قۇم ساداسى تېغى قاتارلىقلار بار.



## قۇمۇل شەھەر رايونى




# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى




1 : 1 250 000

# سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى









1 : 1 250 000

# سانجى شەھرى



**سانجى شەھرى** تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان، شەرقى ئۈرۈمچى شەھرى، مىچۈەن شەھرى، ۋۇجياچۈ شەھرى بىلەن، جەنۇبى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن، شىمالى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. سانجى شەھرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، سانجى ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. تەۋەسىدە 4 كوچا باشقارمىسى، 6 بازار، 4 يېزا بار، ئومۇمىي يەر مەيدانى 8241 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 370 مىڭ.

سانجى شەھرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تىنىما بوستانلىق ۋە تۈزلەڭلىك. سۇ بايلىقىدىن سەنتۇنخې دەرياسى، تۇدۇڭخابا دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، تۆمۈر، كېپەك ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز قاتارلىق 12 خىل دۆلەت 1-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلىرى ۋە قوڭۇر ئېيىق، جەرەن قاتارلىق 42 خىل دۆلەت 2-دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلىرى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ھىڭ، سوغىگۈل، سۇزاپ، تاغ لەيلىسى، بۇدۇشقاق قاتارلىق 100 خىلدىن ئوشۇقى بار.


سانجى شەھرى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.2°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 193.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1755.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

سانجى شەھرى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ئىقتىساد چەمبىرىكى ئىچىدە بولۇپ، شىنجاڭدىكى سانائەت ئىگىلىكى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ۋە تەرەققىي قىلغان رايون. قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، شەرقتە ئۈرۈمچىگە 30 كىلومېتىر كېلىدۇ. ياۋروپا-ئاسىيا 2-چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بولغان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، ئۈرۈمچى-كۈيتۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى ۋە دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى شەھەر تەۋەسىدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئىنتايىن ئەۋزەل جايلىشىش ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. مەنزىرىسى گۈزەل، جەنۇبتىكى تاغلىق رايوندا مىيرگۇ، جىنلاۋبا، سورباستاۋ، ليۇخۋاڭگۇ ئوت ئارىشىگى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى بار. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭلىك بولسا ئېتىز-ئېرىق مەنزىرىسى بولۇپ، ئېتىزلىق ۋە باغ-ئورمانلار بىلەن يېشىللىققا پۈركەلگەن؛ شىمالىي قىسمى چەكسىز قۇملۇق مەنزىرىسى، بۇ يەردىكى سۆكسۆكلۈك ۋە يۇلغۇنلۇق مەنزىرىسى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ئالتىمېتىر: مېتىر 8000 7000 6000 5000 4500 4000 3500 3000 2600 2200 1800 1400 1000 600 400 200 0 100-

1 : 650 000 — 0 6.5 13.0 19.5 26.0 كىلومېتىر


# فۇكاڭ شەھىرى



**فۇكاڭ شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي بۆلەك، شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقى جىمسار ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، غەربى مىچۈەن شەھىرى بىلەن، شىمالى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. فۇكاڭ شەھىرى تەۋەسىدە 3 كوچا باشقارمىسى، 4 بازار، 3 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 8530 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 150 مىڭ.

فۇكاڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ،، جەنۇبىي قىسمى بوغدا تېغى، شىمالى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئېتىكى تىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن شۈيمو دەرياسى، بەييائخې دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، تۆمۈر، سلانىتېس، هاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن سۈلەيسۈن، تايغان بۇغا، جەرەن، ئۈلار، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، تاغ لەيلىسى، داڭگۈي، قانتېپەر، پەرىۇن، چۆچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، هىڭ، سۇزاپ قاتارلىقلار بار. فۇكاڭ شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 227.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1811.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن.

فۇكاڭ شەھىرى ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد چەمبىرىكىدە بولۇپ، دۆلەت يولى 216 ـ لىنىيىسى، تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولى شەھەر تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. ئۆلكە يولى 111 ـ لىنىيىسى بىلەن 303 ـ لىنىيىسى مۇشۇ يەردە تۇتىشىدۇ. فۇكاڭ شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىقى ئۆزگىچىلىككە ئىگە، دۇنياغا مەشھۇر بوغدا كۆلى دۆلەت مەنزىرە رايونى بوغدا چوققىسى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى چوققىلار ۋە جىلغىلار بىلەن ئورالغان. قارلىق تاغ، قويۇق ئورمان، زۇمرەتتەك سۇ بىرلىشىپ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئېگىز تاغ كۆلى مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن.





**مىچۈەن شەھىرى** تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى فۇكاڭ شەھىرى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن، غەربى سانجى شەھىرى، ۋۇجياچۇ شەھىرى بىلەن، شىمالى بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قارىمىقىدا 3 كوچا باشقارمىسى، 5 بازار، 1 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3861 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 180 مىڭ.

مىچۈەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى بوغدا تېغى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى كەلكۈن-ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن تۇداۋخەيزە، ۋۇلۇڭگاڭ سۇ ئامبىرى، تاچياۋۋەن سۇ ئامبىرى، خۇاڭگۇڭ سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، تۆمۈر، سىلانېتس، كۋارتس قۇم، فارفور تۇپىسى، قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، تايغان بۆغا، جەرەن، تاغ كەكلىكى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، تاغ لەيلىسى، مەرزەنجۇش، قانتېپەر قاتارلىقلار بار.

مىچۈەن شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.8°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 238.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2215.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 183 كۈن.


مىچۈەننىڭ قەدىمدىن «شال يۇرتى» دەيدىغان نامى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئىقتىساد چەمبىرىكىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئەۋزەل، قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 216-لىنىيىسى، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك يولى، ئۆلكە يولىنىڭ 111-، 102-لىنىيىلىرى شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مىچۈەن شەھىرىنىڭ شالىلىرى تولىمۇ ئوخشايدۇ، بۇ مەنزىرىدىن چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ يۇرتلىرىنىڭ سىماسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردە داڭلىق ئېيىقساي مەنزىرە رايونى، تۇداۋخەيزە قۇملۇق مەنزىرە ساياھەت رايونى ۋە دۇشەنزە قىيا تاش سىزمىلىرى، شەرقىي ۋە غەربىي مەسچىت، دابوچىنىڭ قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار. تەڭرىتاغ ئورمان باغچىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، شىامىنزا ساياھەت رايونى ئاپتونوم رايون بويىچە بىرىنچى بىر يېزا ئىگىلىك ساياھىتى ئۆلگە رايونىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، مىچۈەن خۇيزۇلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، قويۇق خۇيزۇچە ئۆرپ-ئادەت پۇرىقىغا ئىگە.

1 : 400 000 0 4 8 12 16 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

# قۇتۇبى ناھىيىسى








**قۇتۇبى ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ ئوتتۇرا بۆلەك شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقى سانجى شەھىرى بىلەن، جەنۇبى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربى ماناس ناھىيىسى بىلەن، شىمالى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدە 6 بازار، 2 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 9476 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 210 مىڭ.

قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالى گۇربانتۈڭگۈت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى ئېقىن تىنما بوستانلىقى ۋە تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن قۇتۇبى دەرياسى، چۆرگۆل دەرياسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، كېپەك ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، كرىستال، ھاك تاش قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى 34 مىليارد 700 مىليون تونىنا. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، جەرەن، لاچىن، ياۋاغاز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلەردىن سوغىگۈل، تاغ لەيلىسى، قانتېپەر، زاراڭزا، سۇزاپ، ئاق چوغلۇق، ئالقات، چۈچۈكبۇيا، مەرزەنجۇش، كەۋرەك، قىزىل يوپۇرماقلىق ئەمەن قاتارلىق 100 نەچچە خىلى بار.


قۇتۇبى ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 167 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2341.2 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 173 كۈن.

قۇتۇبى ناھىيىسى تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىساد بەلۋىغىدا بولۇپ، قاتنىشى تەرەققىي قىلغان، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ئاۋيەتەن قەدىمىي شەھىرى، كاڭجياشىمىنزا قىيا تاش سىزمىلىرى بار، بۇ قىيا تاش سىزمىسىدا تەخمىنەن 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەكشى قىيا تاشقا چوڭ-كىچىك، ئېگىز-پاكارلىقى ئوخشىمايدىغان نەچچە يۈز ئەر-ئايالنىڭ سۈرىتى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، تۈرلۈك قىياپەتتىكى يالىڭاچ ئوبرازلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. داڭلىق مەنزىرە جايلىرىدىن قۇتۇبى جەنۇبىي تاغ ئورمان باغچىسى، تاش ئۆي ئارامگاھى، خۇڭشەن سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار بار.

ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 650 000

0 6.5 13.0 19.5 26.0 كىلومېتىر





**ماناس ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي قۇتۇبى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن، غەربىي شىخەنزە شەھىرى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالىي قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ماناس ناھىيىسىگە 7 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9174 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.

ماناس ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۈڭگۈت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى ئېقىن تىنما بوستانلىقى ۋە تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ماناس دەرياسى، تاسىرقاي دەرياسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن سىرىق تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قاشتېشى، كۆمۈر، قىزىل توپا، كۈمۈش، قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆمۈر بايلىقى 1 مىليارد 600 مىليون تونىنا. ماناستا چىقىدىغان زۇمرەت جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تاش تۈرىنىڭ بىرى بولۇپ، رەڭگى سۈزۈك، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، چىڭ دەۋرىدىلا چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ يەردە تاش زاۋۇتى قۇرغان، ئىشلەپچىقارغان زۇمرەتنىڭ داڭقى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالغان. ياۋايى ھايۋانات بايلىقىدىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، تايغان بۇغا، قوڭۇر ئېيىق، ئۇلار، جەرەن، ئارقار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن تاغ لەيلىسى، تۆگىقۇلاق، قانتېپەر، پەربۇن، سوغىگۈل، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار.

ماناس ناھىيىسى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.9°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 190.3 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1714.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 167 كۈن.

ماناس ناھىيىسى تەڭرىتاغ شىمالىي ئېتىكى ئىقتىسادىي بەلۋىغىدا بولۇپ، قاتنىشى قۇلايلىق، ئۈرۈمچى-كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، دۆلەت يولى 312-لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ناھىيە تەۋەسىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۆلكە يولىنىڭ 101-، 201-، 202-، 204-لىنىيىلىرى ناھىيىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ مۇشۇ ناھىيىدە. ماناس ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىيا تاش سىزمىلىرى، تۇر، بۇددا ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرە رايونلىرىدىن شىخۇيياۋزى، تاسىرقاي دەرياسى شارقىراتمىسى، چوڭ، كىچىك تېرەكلىكى جىلغىسى، چېنبىيگۇ جىلغىسى، شىمالىي قۇملۇق مەنزىرىسى، خوشاۋۋا ئوت ئارىشگى قاتارلىقلار بار.



1 : 600 000

0 6 12 18 24 كىلومېتىر


ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

**گۇچۇڭ ناھىيىسى** بوغدا تېغىنىڭ شەرقىي بۆلەك شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى بىلەن، غەربى جىمسار ناھىيىسى بىلەن، شىمالى كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قارىمىقىدا 6 بازار، 9 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 16641 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى بوغدا تېغى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، شەرقىي شىمالى بەيتىك تېغى. سۇ بايلىقىدىن شۇيموخې دەرياسى، ئالتۇنغول دەرياسى، كۆەنگۇ دەرياسى، بىليۇخې دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كۆمۈر، خرۇستال، ئالتۇن، تۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، سۈلەيسۈن، ئافرىقا تاغ مۈشۈكى، جەرەن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن قانتېپەر، چۈچۈكبۇيا، يەرمەدىكى، پەرپۇن قاتارلىقلار بار. گۇچۇڭ ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق-يېرىم قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 192 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1917.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 159 كۈن.

گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، ئۆلكە تاشيولىنىڭ 228-، 303-لىنىيىلىرى ناھىيە تەۋەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇلاستاي پورتى موڭغۇلىيىگە ئېچىۋېتىلگەن، سودا يولى ھېسابلىنىدۇ. گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ مەنزىرىسى، بولۇپمۇ شىمالىي قىسمىدىكى جاڭجۇنگوبىنىڭ مەنزىرىسى ھەيۋەت ھەم گۈزەل. بۇ يەردە ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان سىلتىسىلاشقان دەرەخلەر توپىنى، ئاجايىپ سىرلىق شەيتان شەھىرىنى، كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش كۆيۈكتاغنى، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە 2-ئورۇندا تۇرىدىغان تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋرلار جىلغىسىنى كۆرەلەيسىز.





-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000

1 : 700 000

0 7 14 21 28 كىلومېتىر

# جىمسار ناھىيىسى



**جىمسار ناھىيىسى** تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي بۆلەك شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقىي گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئۈرۈمچى، تۇرپان شەھەرلىرى بىلەن، غەربى فۇكاڭ شەھىرى بىلەن، شىمالى كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە 4 بازار، 5 يېزا بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 8149 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 130 مىڭ.

جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شىمالىي قىسمى گۇربانتۇڭگۇت قۇملۇقى، ئوتتۇرا قىسمى تاغ ئالدى ئېقىن تىنما بوستان تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن شەرقىي دالۇڭكۇ دەرياسى، ۋېيخۇگۇ دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى، ئەرگۇڭ دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، قوغۇشۇن، ئالتۇن، مىس، ھاك تاش، پروفىللىت، پېرلىيت، زېئولىت، تۆپىلىك سېغىز توپىسى قاتارلىق 50 نەچچە خىلى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، ياۋا ئېشەك، جەرەن، ئۇلار، لاچىن قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغىگۈل، سۇزاپ، تاغ لەيلىسى، زاراڭزا، ئالقات، چاكاندا قاتارلىق 170 نەچچە خىلى بار.

جىمسار ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 292.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2181.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 143 كۈن.

جىمسار ناھىيىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن ناھىيە. قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، ئۆلكە يولى 303-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە يېزا يوللىرى ھەممە تەرەپكە تۇتاشقان. جىمسار ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن يادىكارلىقلىرىدىن مەملىكەتكە مەشھۇر بولغان بەشبالىق قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى خارابىسى ۋە بەشبالىق ئۇيغۇر مەسچىتى خارابىسى، مىڭ ئۆي قاتارلىقلار بار. مەنزىرىلىك جايلىرىدىن يېشىل قارىغاي ئورمان باغچىسى، ۋۇسەيۈەن، سىلتسىيلاشقان دەرىخى، خۇارگو جىلغىسى، ۋۇتاگو جىلغىسى، شىندىگو جىلغىسى، چېشى تاغ ئارامگاھى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ ياۋا ئات بېقىش، كۆپەيتىش مەركىزى ۋە دۆلەت بىردىنبىر سۆكسۆكلۈك چۆللۈكى شىكار مەيدانى قاتارلىقلار بار.

1 : 450 000

0 4.5 9.0 13.5 18.0 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر

-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر




## موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى

تەڭرىتاغ شەرقىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى بىلەن، غەربى گۇچۇڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىگە 3 بازار، 8 يېزا قارايدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 13510 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرق، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرى تاغ بىلەن ئورالغان بولۇپ، يېرىم توسۇق ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. سۇ بايلىقىدىن موري دەرياسى، بەيياڭخې دەرياسى، دۇڭچېڭ دەرياسى، شياۋتاڭگۇ دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن كېپەك ئالتۇن، كۆمۈر، سىدېرىت، زېئولىت، ۋولفرام، مىس قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغۇگۇل، سۇزاپ، تاغ لەيلىسى، پەربۇن قاتارلىقلار بار. موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 326.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2204.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 142 كۈن.

موري قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 303-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن قىيا تاش سىزمىلىرى، سىداۋگۇ ئېپتىدائىي قىشلاق خارابىسى قاتارلىقلار بار. داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرىدىن توغراقلىق، قۇم ساداسى تېغى، دالۇڭۋاڭ ئورمان باغچىسى، شېنشۇيچۈەن، قاينار قاتارلىقلار بار. قۇم ساداسى تېغىدا قۇمنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ بولۇپ، قۇملار چوڭ كۆلەمدە سىيرىلسا، كۈچلۈك سىيرىلىش ئاۋازىنى چىقىرىدۇ. بۇ ئېلىمىز بويىچە ھازىرغىچە بايقالغان قۇم ساداسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان قۇم ساداسى تېغى ھېسابلىنىدۇ.



# بورتالا
# موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى




**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىگە جايلاشقان. شەرقى تارباغاتاي ۋىلايىتى بىلەن، جەنۇبى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا بورتالا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى ۋە ئارىشاڭ ناھىيىسى قارايدۇ. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بورتالا شەھىرىدە. 2003 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 439 مىڭ 600 بولۇپ، ئاساسلىقى موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.


**تەبىئىي بايلىقى:** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالاتاۋ تېغى، جەنۇبىي قىسمى كۆككۆرچىن تېغى، بولخىنۇر تېغى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن ئۆتۆكسەر دەرياسى، بورتالا دەرياسى قاتارلىق دەريالار ۋە سايرام كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى قاتارلىق كۆللەر بار. ئالاتاۋ ئېغىزى داڭلىق بوران ئېغىزى بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئۈنۈملۈك شامال ئېنېرگىيىسى ھەر كۋادرات مېتىر يەرگە 2600 كىلوۋات سائەت توغرا كېلىدۇ. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، پېرلىت، مەرمەرتاش، پلاتىنا، گلاۋبېر تۇزى قاتارلىقلار بار. ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن 36 خىلى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن يىلپىز، تاغ ئۆچكىسى، قۇندۇز، سىرىق بۈركۈت قاتارلىقلار، دۆلەت 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، سۇ بۇلغۇنى، تايغان بۇغا، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ھايۋان شىمال سەمەندىرى بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن چوچۇكبۇيا، چاكاندا، جىغان، تاغ لەيلىسى، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىق 413 خىلى بار. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 170.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1512.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 160 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۆزگىچە ئىقتىسادىي زىرائەتلىرىدىن كېۋەز، ئالقاتلارنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سورتلۇق پاختا، ئالقات ئېكسپورت قىلىشىدىكى مۇھىم بازىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىن شېكەرچىلىك، پاختا توقۇمىچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خىمىيە سانائىتى، دورىگەرلىك، تۇزچىلىق، ئاشلىق ـ ماي پىششىقلاش، رېمونتچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ھاراق، تېرە ـ يۇڭ پىششىقلاش، قاتارلىقلار بار. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن پاختا، ئالقات، شال، بۇغداي، كۆممىقوناق، قىچا، قىزىلچا ۋە تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا بورتالا ئوبلاستىنىڭ ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت يارىتىشىدىكى ئەلا مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى. چارۋىچىلىقتا ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي، ئات، كالا، تۆگە ئاساس قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش بازىلىرىدىن بىرى. يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ئالقات ئەڭ داڭلىق بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالاردا مەشھۇر.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئاسىيا ـ ياۋروپا 2 ـ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ جۇڭگوغا كىرىدىغان دەرۋازىسى بولۇپ، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيىسى ۋە شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى شەرقتىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە تۇتىشىدۇ، غەربتىن ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى ئارقىلىق قازاقىستانغا تۇتىشىدۇ. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتى دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك پورت بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سودا مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان پورتى. بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتلاق ئېكولوگىيىلىك ساياھەت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى كۆپ، بايلىقى كەڭ، چارۋىسى مول بولغان، ئەتراپىنى تاغ، ئورمانلار قورشاپ تۇرغان ئېگىز تاغدىكى مەرۋايىت —— سايرام كۆلى دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، خىلمۇ خىل قىياپەتتىكى تاش قاتمىلار مەنزىرە رايونى، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولىدىغان ئارىشاڭ ساناتورىيىسى —— ئارشات ئارىشىڭى، دۆلەت دەرىجىلىك سۆكسۆكلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، ئېبىنۇر كۆلى سۇلۇق يېرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىمال سەمەندىرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ۋە شارشىل تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونلىرى بار.







80° 00′
80° 20′
80° 40′
81° 00′
81° 20′
81° 40′
82° 00′
82° 20′
82° 40′
83° 00′
83° 20′
83° 40′
45° 20′
45° 00′
44° 40′
44° 20′
44° 00′
قازاقىستان
بورتالا شەھىرى
312






1 : 850 000

# بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى









1 : 850 000

# بورتالا شەھىرى

**بورتالا شەھىرى** تەڭرىتېغىنىڭ غەربىي بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقى جىڭ ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى غۇلجا ناھىيىسى، قورغاس ناھىيىسى بىلەن، غەربى ئارىشاڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. قارىمىقىدا 4 كوچا باشقارمىسى، 3 بازار، 2 يېزا بار، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7819 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 230 مىڭ.

بورتالا شەھىرىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالاتاۋ تېغى، جەنۇبىي قىسمى كۆكۈرچىن تېغى ۋە سايرام كۆلى رايونى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن بورتالا دەرياسى، بوردى دەرياسى، سايرام كۆلى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن هاك تاش، گەج، گرافىت، پېرلىيت، ماگنىت، مىس، كۋارتس قاتارلىقلار بار. ياۋايى هايۋانلاردىن يىلپىز، قوڭۇر ئېيىق، قاما، چوڭ ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چاكاندا، سوغۇگۇل، چۆچۈكبۇيا، قانتېپەر، ئەڭلىكئوت، ئالقات، سۇزاپ قاتارلىقلار بار. بورتالا شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل-يېغىن مىقدارى 178.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1560.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 164 كۈن .

بورتالا شەھىرى ياۋروپا-ئاسىيا 2-چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى جۇڭگو بۆلىكىنىڭ غەربىي كۆۋرۈكى هېسابلىنىدۇ. ناهىيە تەۋەسىدىكى ئالاتاۋ پورتى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدىكى تۆمۈريول، تاشيول تەڭ قاتنايدىغان بىردىنبىر 1- دەرىجىلىك پورتى هېسابلىنىدۇ. بورتالا شەھىرىنىڭ ساياهەت بايلىقى مول بولۇپ، ئېگىز تاغ كۆلى بولغان سايرام كۆلى، قويتاش، سۈرەتتەك مەنزىرىگە ئىگە بولغان خارتۇراگ مەنزىرە رايونى قاتارلىقلار بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە دالتۇ خارابىسى، چىندېل قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.



# جىڭ ناھىيىسى





**جىڭ ناھىيىسى** تەڭرىتېغىنىڭ تارمىقى بولغان بولخنۇر تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى شىخۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى نىلقا ناھىيىسى، غۇلجا ناھىيىسى بىلەن، غەربى بورتالا شەھىرى بىلەن، شىمالى تولى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جىڭ ناھىيىسىگە 2 بازار، 3 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 11181 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 120 مىڭ.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، شىمالىي قىسمى ئېبنۇر كۆلى رايونى. سۇ بايلىقىدىن جىڭ دەرياسى، داخېيەنزى دەرياسى، ئاچال دەرياسى، تودوگ دەرياسى، ئېبنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار. قېزىلما بايلىقلاردىن سېرىق ئالتۇن، كۋارتس قۇم، موليبدېن، فوسفور، ماگنىي سۇلفات، بور، يود قاتارلىق 28 خىل تۈرى بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن ئارقار، تايغان بۆغا، جەرەن، ئۈلار، سۈلەيسۈن، ياۋا توڭگۇز قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، چۆچۈكبۇيا، سوغىگۈل، قانتېپەر، بۇۋانە، ئەڭلىكئوت، داڭگۈي قاتارلىقلا بار. جىڭ ناھىيىسى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 7.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن مىقدارى 102.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1512.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 178 كۈن.

جىڭ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي باغرىدىكى ئىقتىساد بەلۋىغىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن تۈگۈن. جىڭ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، ئېبنۇر كۆلى كۆمۈش قۇم ساھىلى مەنزىرە رايونى، بايىنامكوندېلىڭ ساياھەت رايونى، دۇگدۇجىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەت باغچىسى قاتارلىقلار بار. ئېبنۇر كۆلى شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ كۆلى بولۇپ، ھەر يىلى قۇشلار كۆچىدىغان ۋە كۆچىدىغان پەسلىدە، ئۇ يەرگە نەچچە يۈزمىڭ قۇش توپلىنىدۇ، كۆل سۈيى داۋالغۇپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇدەك مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.





**ئارشاڭ ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر «ئارشاڭ» سۆزى بىلەن نام بېرىلگەن ناھىيە بولۇپ، جۇڭغار ئۇيمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە، بورتالا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىم ۋادا بەلۋىغىغا جايلاشقان. شەرقى بورتالا شەھىرى بىلەن، جەنۇبى قورغاس ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربى ۋە شىمالى قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئارشاڭ ناھىيىسىگە 2 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 5900 كۋادرت كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 70 مىڭ.

ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى ئالاتاۋ تېغى، جەنۇبىي قىسمى بىگجىنتاۋ تېغى، ئوتتۇرا قىسمى بورتالا دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن بورتالا دەرياسى، ئوتوگسەر دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ۋولفرام، تۆمۈر، مىس، قەلەي، نىكېل، مالاخىت، گەج، ئالتۇن قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تايغان بۇغا، جەرەن، تاغ ئۆچكىسى، ئېيىق، يىلپىز، شىمال سەمەندىرى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە شىمال سەمەندىرى دۇنيا بويىچە ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سوغۇگۈل، ئەڭلىكئوت، چاكاندا، قانتېپەر قاتارلىقلار بار.

ئارشاڭ ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى يېرىم قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 3.9°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 231.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1464.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 139 كۈن.

ئارشاڭ ناھىيە تەۋەسىدە قاتناش ناھايىتى قولايلىق، ئاساسلىقى تاشيول قاتنىشى ئاساس قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۆلكە يولىنىڭ 304-لىنىيىسى بورتالا ئارقىلىق دۆلەت يولى 312-لىنىيىسىگە تۇتىشىدۇ. ئارشاڭ ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۆگدۆر ئارشىڭى، ئوتوگسەر ئارشىڭى ۋە ئارشات ئارشىڭى قاتارلىقلار ئىيرىم-ئايرىم ھالدا «مۇقەددەس ئارشاڭ»، «تەڭرى ئارشاڭ» ۋە «پەرىشتە ئارشاڭ» دەپ نام ئالغان. ئۇلار داڭلىق داۋالىنىش مەنزىرىلىك جايلار ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىنىڭ تاغ-سۇلىرى گۈزەل، قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، گۈزەل ۋادى مەنزىرىلىرى، گۈل ۋە ئوت-چۆپلەرگە پۈركەنگەن مېلچىچېگ ئوتلىقى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار بولۇپلا قالماي، يەنە ئاز ئۇچرايدىغان تاش شەھىرى، ئوتلاق تاش ئادىمى، قەدىمىي قەبرىلەر، موميا قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار.

# بايىنغولىن
# موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى



**رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى:** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن، جەنۇبى كۇئېنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى ئاقسۇ ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى بىلەن، شىمالى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان ۋىلايىتى، قۇمۇل ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا كورلا شەھىرى، بۈگۈر ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى ۋە باغراش ناھىيىسى قارايدۇ. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى كورلا شەھىرىدە. 2003-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 1مىليون 126 مىڭ 500 بولۇپ، ئاساسلىقى موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان.

**تەبىئىي بايلىقى:** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېرى كەڭ بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تېغى، ئالتۇنتاغ، ئوتتۇرا قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى، شىمالىي قىسمى بايىنبۇلاق ئوتلىقى، قۇرۇق تاغ ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىك، لوپنۇر بوران كۆل تىنما تۈزلەڭلىكى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ 1/2 قىسمى ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. سۇ بايلىقىدىن تارىم دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق دەريا ۋە كۆللەر بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تەبىئىي گاز، نېفىت، كۆمۈر، ئاندالۇزىت، تۆمۈر، مانگان، قاشتېشى قاتارلىق 54 خىلى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نېفىت زاپىسى 10مىليارد توننىدىن ئاشىدۇ. ياۋايى ھايۋانلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭ بوغاباش بېلىقى، ياۋا تۆگە، ياۋا قوتاز، قارا بويۇن تۇرنا، تايغان بۈغا، تاغ ئۆچكىسى، يىلپىز، سۈلەيسۇن، ئارقار قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، چاكاندا، سوغىگۈل قاتارلىق 477 خىلى بار. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ ۋە ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 157.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 140 كۈن.

**ئىگىلىك ئىقتىسادى:** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «ئۆتەڭ» بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا «جەنۇب بىلەن شىمالنى بىر-بىرىگە باغلاش» تەك ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇنىڭ ئېنېرگىيە سانائىتى، يېمەكلىك سانائىتى ۋە باغۋەنچىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. شىنجاڭدىكى ئۈچ چوڭ نېفىت ۋە گازلىق شىركىتىنىڭ بىرى بولغان تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى كورلا شەھىرىدە. پەمدۇر قىيامى قاتارلىق يېشىل يېمەكلىك يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ، مېۋىلەرنىڭ سەر خىلى بولغان كورلا نەشپۈتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم مېۋە مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى. سانائەتتىن نېفىت، خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك پىششىقلاش قاتارلىق تۈرلەر بار. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن شال، كۆكتات، بۇغداي، قىزىلچا، پاختا، كۆممىقوناق، ياغلىق دان قاتارلىقلار بار، چارۋىچىلىقتا كالا بىلەن قوي ئاساس قىلىنىدۇ. يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلاتلاردىن نەشپۈت، كىشمىش ئۈزۈم، چىلان، كۆزلۈك يېسۋىلەك، قىزىلمۇچ، سامساقلار بار.

**قاتناش ۋە ساياھەتچىلىكى:** بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 217-، 218-، 314-، 315-لىنىيىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئوبلاست تەۋەسىدە تورسىمان تۇتاشقان. كورلا، چەرچەن ئايرودروملىرىدا دۆلەت ئىچى ھاۋا يولى ئېچىلغان. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەت بايلىقى جەھەتتە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولۇپ، مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىدىن باغراش كۆلى مەنزىرە رايونى، بايىنبۇلاق ئوتلىقى، ئاق قۇ كۆلى، نېلۇپەر كۆلى، ئالتۇن قۇم ساھىلى، ئاخۇنكا، تارىم قۇملۇق تاشيولى ۋە ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن كىروران قەدىمىي شەھىرى، مىرەن خارابىسى، باشئەگىم، بالۇنتاي بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار.

# بورتالا شەھەر رايونى





# بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى مەمۇرىي رايونلىرى








1 : 3 500 000

0 35 70 105 140 كىلومېتىر

# باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى




# كورلا شەھىرى

**كورلا شەھىرى** «نەشپۈت شەھىرى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ تارمىقى بولغان خورا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى باغراش ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربى بۈگۈر ناھىيىسى بىلەن، شىمالى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. كورلا شەھىرى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، قارىمىقىدا 5 كوچا باشقارمىسى، 2 بازار، 9 يېزا بار. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7219 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 390 مىڭ.

كورلا شەھىرىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى خورا تېغى، جەنۇبىي قىسمى تارىم ئېقىن ئىنىما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى قاتارلىق دەريا-ئېقىنلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يوغان باش بېلىق، ياۋا تۆگە، تايغان بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، سوغۇگۈل، ئالقات، لوپنۇر كەندىرى قاتارلىقلار بار. كورلا شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تېپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 57.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2714.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 231 كۈن.


كورلا شەھىرى شىنجاڭنىڭ مەركىزىي بەلۋىغىغا جايلاشقان، جەنۇبىي-شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، تاشيول ترانسپورتىنى ئاساس، تۆمۈر يول، ئاۋىئاتسىيە، تۇرۇبا ترانسپورتى تەڭ ئېلىپ بارىدىغان زامانىۋى ستېرېئولۇق قاتناش - ترانسپورت تورى شەكىللەندى. كورلا شەھىرى جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ساياھەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن ئەڭ ياخشى مۇھىت ئۈلگىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، شەھەر قىياپىتى رەتلىك ھەم پاكىز. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن باشئەگىم، ئەشمە خارابىسى قاتارلىقلار بار.



**بۈگۈر ناھىيىسى** تەڭرىتاغ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى كورلا شەھىرى بىلەن، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربى كۇچا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۈگۈر ناھىيىسىگە 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 14184 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 90 مىڭ.

بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى خورو تاغ، جەنۇبىي قىسمى تارىم ئېقىن-كەلكۈن تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن تارىم دەرياسى، دىنار دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، كرىستال تۇز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن قوڭۇر ئېيىق، يىلپىز، سۆلەيسۈن، ئارقار، ئاق قۇ قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، قانتېپەر، تاغ لەيلىسى قاتارلىقلار بار. بۈگۈر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ھۆل-يېغىنى ئاز، ھاۋاسى قۇرغاق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.0℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 72.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1999.9 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن.

بۈگۈر ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدا بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي غول لىنىيە 315-دۆلەت يولى بىلەن 314-دۆلەت يولىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈك ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى ۋە قۇملۇق تاشيولىنىڭ راۋانلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ ئورنى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلەنمەكتە، سودا ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە ئاۋاتلاشماقتا. بۈگۈر ناھىيىسىدە تارىم دەرياسى، ئىپتىدائىي توغراقلىق باغچىسى، جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكى، قۇملۇق تاشيولى قاتارلىق داڭلىق مەنزىرىلىك جايلار بولۇپ، ئادەم ۋە تەبىئەت ئۆزئارا ماسلاشقان ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ناھىيە تەۋەسىدە يەنە بۈگۈر قەدىمىي شەھىرى، زوركۈت قەدىمىي شەھىرى قاتارلىق خارابىلەر بار.




1 : 500 000

# لوپنۇر ناھىيىسى




**لوپنۇر ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي چېتىگە، تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى شايار ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى كورلا شەھرى، بۈگۈر ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى، تۇرپان شەھرى بىلەن تۇتىشىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىگە 2 بازار، 7 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 59399 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تۈز بولۇپ، شەرقىي شىمال قىسمى قۇرۇقتاغ تاغ ئالدى ئېقىن تىنما گوبى تۈزلەڭلىكى، ئوتتۇرا قىسمى تارىم دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكى، جەنۇبىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن كۆنچى دەرياسى، تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سۇ سىستېمىسى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن ۋېرمىكۇلىت، ھاك تاش، نېفىت فوسفور قاتارلىقلار بار بولىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا تۆگە، تايغان بۇغا، جەرەن، ئارقار، تارىم توشقىنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈكبۇيا، چاكاندا قاتارلىقلار بار.

لوپنۇر ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، كېچە-كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 54.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2586.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن.

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق، دۆلەت يولى 218-لىنىيىسى ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلىرى كۆپ بولۇپ، شىڭدى قىيا تاش سىزمىلىرى، دولان قەدىمىي شەھرى، سەكسەنكۆۋرۈك، يىڭپەن قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە چوڭ قۇملۇق، توغراقلىق، تارىم دەرياسى، يېشىل كارىدور قاتارلىق مەنزىرىلىك جايلار، شۇنداقلا لوپنۇرلۇقلار كەنتى ئاساسىدا، ئېكولوگىيە باغچىسى، كۆنچى ئارىلى، توغراقچى، مىللىي ئۆرپ-ئادەت باغچىسى، بەردى كۆلى، ئاقسۇپى سۇ ئۈستى باغچىسى قاتارلىق يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ساياھەت نۇقتىلىرى كەينى-كەينىدىن ئېچىلىپ، خاس ئېكولوگىيە ساياھىتى ۋە مەدەنىيەت فولكلورى ساياھىتىگە يول ئاچتى.

ئالتىمېتىر
مېتىر 8000 7000 6000 5000 4500 4000 3500 3000 2600 2200 1800 1400 1000 600 400 200 0 -100

1 : 1 300 000
0 13 26 39 52 كىلومېتىر


# چاقىلىق ناھىيىسى



**چاقىلىق ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە يەر كۆلىمى ئەڭ چوڭ، نوپۇسى ئەڭ شالاڭ بولغان ناھىيە بولۇپ، «خۇاشيادىكى 1-ناھىيە» دېگەن نامى بار. ئۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى گەنسۇ ئۆلكىسى، چىڭخەي ئۆلكىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، شىمالى لوپنۇر ناھىيىسى، پىچان ناھىيىسى، قۇمۇل شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 3 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 198318 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 30 مىڭ.

چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، شىمالىي قىسمى لوپنۇر كۆلى يالانما كۆل تىنما تۈزلەڭلىكى. سۇ بايلىقىدىن چاقىلىق دەرياسى، ۋاششەرى دەرياسى، مىرەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تاشپاختا، كالىي تۇزى، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ياۋا تۆگە، تىبەت بۆكىنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن لوپنۇر كەندىرى، تاغ لەيلىسى، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. چاقىلىق ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 29.0 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2882.6 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 227 كۈن.

چاقىلىق ناھىيىسى ئۆزگىچە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 218-، 315-لىنىيىلىرى بۇ يەردە كېسىشىدۇ. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقلىرىدىن دۇنياغا داڭلىق بولغان روران، خەيتۇ، مىرەن خارابىلىرى، مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان ھايۋانات-ئۆسۈملۈك شاھى —— ئالتۇنتاغ تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر لوپنۇر كۆلى قوش لوكىلىق ياۋا تۆگە مۇھاپىزەت رايونى ۋە تايىنسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان لوپنۇر كۆلى قاتارلىقلار بار.



ئالتىمېتىر


1 : 2 400 000

كىلومېتىر 0 24 48 72 96


**چەرچەن ناھىيىسى** مەملىكەت بويىچە يەر كۆلىمى 2-ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ناھىيە. ئۇ كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقى چاقىلىق ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، غەربى نىيە ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى بىلەن، شىمالى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. چەرچەن ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 1 بازار، 11 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 138645 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ.

چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى كۇئېنلۇن تېغى ۋە ئالتۇنتاغ، شىمالىي قىسمى تەكلىماكان قۇملۇقى. سۇ بايلىقىدىن چەرچەن دەرياسى، قارا مىرەن دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، تەبىئىي گاز، مىس، سىنىك قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تىبەت قوتىزى، تىبەت بۆكىنى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن سۇزاپ، چۈچۈكبۇيا قاتارلىقلار بار. چەرچەن ناھىيىسى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، كۈن نۇرى ۋە ئىسسىقلىق مىقدارى يېتەرلىك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى $10.5℃$، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 24.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2532.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن.

چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىن دۆلەت يولى 315-لىنىيىسى، قۇملۇق تاشيولى ئۆتىدۇ. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقلىرىدىن تارىخى ئۇزۇن بولغان چەرچەن قەدىمىي شەھىرى، «كىروران گۈزىلى» بىلەن جۈگگو ۋە چەت ئەلگە داڭقى كەتكەن زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر «قاشتېشى يولى»، «يىپەك يولى» قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە ھەيۋەتلىك كۆز يەتكۈسىز كۇئېنلۇن تېغى، چەكسىز قۇملۇق ئىزلىرى، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئوتتۇرا كۇئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى قاتارلىقلار بار.




1 : 1 750 000



**يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى**

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى باغراش ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى كورلا شەھىرى بىلەن، شىمالى خېجىڭ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىگە 4 بازار، 4 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2429 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 120 مىڭ.

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربى ئېگىز، شەرقى پەس بولۇپ، غەربىي قىسمى خورا تاغ، شەرقىي قىسمى قاراشەھەر دەرياسى ئېقىن تىنما تۈزلەڭلىكىدىن شەكىللەنگەن. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ بايلىقى مول بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە سەككىز چوڭ دەريانىڭ بىرى بولغان قاراشەھەر دەرياسى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلىرىدىن نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلار بار،قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ نېفىت-گاز زاپىسى زور بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن «چەكسىز خەزىنە نېفىتلىكى» دەپ نام بېرىلگەن. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز، ئاق يەلكە بۈركۈت، تاغ ئۆچكىسى قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن چۈچۈكبۇيا، ئەگلىكئوت، قانتېپەر قاتارلىقلار بار.

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ، شۇڭلاشقا بىلەن بىللە يەنە ئويمانلىق يازدا ئىسسىق بولۇش، قىشتا سوغۇق، نەم بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، باغراش كۆلى سۈيىنىڭ تەڭشەپ تۇرۇشى سەۋەبلىك، ئىسسىق-سوغۇقنىڭ ئۆزگىرىشى بەك تېز بولمايدۇ، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىسسىقلىقى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.5°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 79.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1876.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 177 كۈن.


يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى، دۆلەت يولىنىڭ 314-، 218-لىنىيىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سانائەت ماددىي ئەشيالىرى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يىغىلغان جاي ۋە سودا مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. يەنجى ناھىيىسى ئۆزىنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە مول ئانتروپولوگىيىلىك خارابىلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شىگشىن بۇددا ئىبادەتخانىسى، خوراتاغ مىڭئۆيى، شىگازى قەدىمىي بۇتخانىسى، بوغداچىن قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار، داڭلىق مەنزىرىلىك جايلاردىن قاراشەھەر دەرياسى، سېغىنىش كۆلى، داچۈەنگۇ، شياۋچۈەنگۇ، گوزىگۇ قاتارلىقلار بار.





1 : 300 000 0 3 6 9 12 كىلومېتىر

ئالتىمېتىر -100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر






**خېجىڭ ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى خوشۇت ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، بۈگۈر ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسى، باي ناھىيىسى بىلەن، غەربى تېكەس ناھىيىسى، توققۇزتارا ناھىيىسى، كۈنەس ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى، قۇتۇبى ناھىيىسى، ماناس ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسىگە 1 رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، 4 بازار، 8 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 34976 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى 170 مىڭ.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى پەس بولۇپ، غەربىي ۋە شىمالىي قىسمى ئايرىم-ئايرىم ھالدا چوڭ-كىچىك يۇلتۇز تاغ ئارىسى ئويمانلىقى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمى قاراشەھەر ئويمانلىقى. سۇبايلىقىدىن قاراشەھەر دەرياسى، شارئۇسان، ئۇلاستاي دەرياسى قاتارلىقلار بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن ھاك تاش، ماگنېزىت، مەرمەر تاش كانى قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، ئاق قۇ قاتارلىقلار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى قاتارلىقلار بار.

خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ كىلىماتىدا يەر شەكلى تەسىرىدىن پەرق تولىمۇ چوڭ، ئۇ ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، يازدا ئىسسىق، قىشتا سوغۇق، ئەتىيازدا ئىللىق، كۈزدە سالقىن، قۇرغاق، يامغۇرى ئاز بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 68.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2102.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 181 كۈن.

خېجىڭ ناھىيىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ قاتنىشىنىڭ مۇھىم لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، دۆلەت يولىنىڭ 216-، 218-لىنىيىلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بۇ يەردە كېسىشىپ، جەنۇب-شىمالنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. خېجىڭ ناھىيىسى ئېگىز تاغ ئوتلىقىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك مەنزىرىسى ۋە ئاق قۇ كۆلىدىكى گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن دۇنياغا داڭلىق، يەنە بايىنبۇلاق ئاق قۇ كۆلى ئېكولوگىيىلىك مەنزىرە رايونى، يازلىق ساناتورىيە كۆككۆسىن دۆلەت دەرىجىلىك ئورمان باغچىسى، ئارىشاڭ، خوتونسالا شارقىراتمىسى قاتارلىقلار بار، ئۇندىن باشقا يەنە مىللىي قەھرىمان ئوباش خاتىرە مۇنارى، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ لاما دىنى ئىبادەتخانىسى — بالغۇنتاي بۇتخانىسى قاتارلىقلار بار.


ئالتىمېتىر
-100 0 200 400 600 1000 1400 1800 2200 2600 3000 3500 4000 4500 5000 6000 7000 8000 مېتىر

1 : 1 100 000
0 11 22 33 44 كىلومېتىر

**خوشۇت ناھىيىسى** تەڭرىتاغ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان. شەرقى ۋە شىمالى توقسۇن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربى خېجىڭ ناھىيىسى، باغراش ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خوشۇت ناھىيىسىگە 1 بازار، 6 يېزا قارايدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 12753 كۋادرات كىلومېتىر، ئومۇمىي نوپۇسى60 مىڭ.

خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى سۇ بولۇپ، شىمالىي قىسمى تەڭرىتاغ تاغلىق رايونى، شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى پەس تاغلىق رايون، ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى قاراشەھەر ئويمانلىقى. سۇ بايلىقىدىن چىڭگىسخوزا دەرياسى، چۇقۇ دەرياسى، ئۇششاقتال دەرياسى قاتارلىق سۇ سىستېمىلىرى بار. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن تۇز، تازىلانغان شور، گرانىت، ھاك تاش قاتارلىقلار بار. ياۋايى ھايۋانلاردىن تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، يىلپىز، ئۇلار، جەرەن، سۇلەيسۇن، قوڭۇر ئېيىق قاتارلىقلار بار. ياۋا دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تاغ لەيلىسى، قانتېپەر، چاكاندا قاتارلىقلار بار. خوشۇت ناھىيىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىم رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئىسسىقلىق مىقدارى مۇۋاپىق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى8.5℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 89.1 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1926.4 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 170 كۈن.

خوشۇت ناھىيىسى جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 1-ناھىيە» دېگەن نامى بار. خوشۇت ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول بولۇپ، «شىنجاڭدىكى ھاۋاي» دەپ نام ئالغان ئالتۇن قۇم ساھىلى بار، ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ قۇملىرى، كۆكۈش كۆل سۇلىرى توختاۋسىز داۋالغۇپ، ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىزىل كېپىنەك جىلغىسى، كۈمۈش قۇم ساھىلى، قۇم ساداسى تېغى قاتارلىق ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرى بار. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن چۇقۇ قەدىمىي شەھىرى، نىنا قەدىمىي شەھەر خارابىسى قاتارلىقلار بار.



1 : 600 000



**باغراش ناھىيىسى** تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا، قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، نامى باغراش كۆلى ئاساسىدا ئاتالغان. شەرقى ۋە شىمالى خوشۇت ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن، غەربى كورلا شەھىرى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. باغراش ناھىيىسىگە 2 بازار، 5 يېزا قارايدۇ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى باغراش بازىرىدا. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3603 كۋادرات كىلومېتىر، 2003-يىلىنىڭ ئاخىرى ئومۇمىي نوپۇسى 60 مىڭ بولغان.

باغراش باھىيىسىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس بولۇپ، شىمالىي قىسمى قاراشەھەر دەرياسى دېلتىسى ئېقىن تىنىما تۈزلەڭلىكى ۋە باغراش كۆلى رايونى، جەنۇبىي قىسمى ئېلىسېنئۇل قۇملۇقى ۋە قۇرۇقتاغ تاغلىق رايونى. باغراش كۆلىنىڭ سۇ يۈزى كەڭ بولۇپ، ھەم قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى، ھەم كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. بايقالغان ۋە زاپىسى ئېنىقلانغان قېزىلما بايلىقلاردىن نېفىت، ئاش تۇزى، تورف قاتارلىقلار بار. باغراش ناھىيىسى ئوتتۇرا مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، كىلىماتى مۆتىدىل، ھاۋاسى نەم، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 9.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل-يېغىن مىقدارى 88.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1881.2مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 175 كۈن.

باغراش ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلايلىق بولۇپ، دۆلەت يولى 314-لىنىيىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 نەچچە كىلومېتىرلا كېلىدۇ. باغراش ناھىيىسى باغراش كۆلىنى ئاساس قىلغان مەنزىرە ساياھەت رايونى، ئۇ ھەم چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ يۇرتلىرىنىڭ مەنزىرىسىگە ھەم غەربىي شىمالدىكى قۇملۇق مەنزىرىسىگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئولتۇراقلىشىشقا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئېكولوگىيىلىك رايون ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭغا دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرە رايونى دەپ نام بېرىلدى.

